# «ئىنجىل 7-قىسىم»

# «كورىنتلىقلارغا

# ««1»

© مۇقەددەس كىتاب 2012
CC BY-SA 4.0
www.mukeddeskalam.com
«ئۇيغۇرچە كالام تەرجىمىسى»

# ئىنجىل 7-قىسىم

# «كورىنتلىقلارغا «1»»

## روسۇل پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتكە

## يازغان بىرىنچى مەكتۇپ

## كىرىش سۆز

### كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتنىڭ تارىخى

روسۇل پاۋلۇسنىڭ كورىنت شەھىرىگە تۇنجى كېلىشى توغرىسىدا ئىنجىل «روس.» 1:18-18دا خاتىرىلەنگەن. كورىنت بولسا گرېتسىيە (يۇنان)دىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز پورتى ئىدى. دۇنيادىكى بارلىق پورتلاردەك ئۇ ھەرقايسى ئەلدىن كەلگەن ھەر تۈرلۈك ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، مۇشۇ ياقا يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئۆزىگە خاس بولغان بۇتپەرەسلىكىنى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلار بار بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بىراق كۆپىنچىسى بۇتپەرەس ئىدى. شۇ سەۋەبلىك كورىنتنىڭ رىم ئىمپېرىيەسىدىكى «بۇتپەرەسلىك پايتەختى» ھەم «پاھىشىۋازلىق پايتەختى» دەپ ئاتىقى چىققانىدى. شەھەردە ئۆزىگە خاس بولغان «بۇتپەرەسلىك پاھىشىۋازلىقى» ئېپادىلىنىدىغان 1000دىن ئارتۇق بۇتخانا بار ئىدى.

پاۋلۇس كورىنتقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك «سىناگوگ» (يەھۇدىيلارنىڭ يىغىنخانىسى)قا كىرىپ خۇش خەۋەرنى جاكارلاشقا باشلىدى. شۇ يەردە كۆپ ئادەملەر خۇدانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن ئادەتتىكىدەكلا، ئەيسا مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنى رەت قىلغان بىر قىسىم يەھۇدىيلار ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغانلار (يەھۇدىيلار ۋە يات

ئەللەردىن بولغالار)نى «سىناگوگتىكى جامائەت»تىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن كورىنت شەھرىدە «مەسىھىي جامائەت» تۇغۇلدى. پاۋلۇس كورىنتتا ئون سەككىز ئاي تۇرۇپ خۇش خەۋەرنى جاكارلاش، قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. روسۇل پاۋلۇس ئۇشبۇ خېتىدە ئېيتقىنىدەك، پاۋلۇسنى جامائەتنى «تۇغغۇچى»، ئۇنىڭغا «ئاتا» بولغۇچى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما مەلۇم سەۋەبلەردىن قانداقتۇر ئۇ ئۆز ئادىتىدىكىدەك جامائەتتە ئاقساقاللارنى بېكىتەلمىگەنىدى؛ بۇنداق بولۇشى بەلكىم ئەينى چاغدا ئۇ ئۇلار ئارىسىدا شۇنچە كۆپ ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ جامائەتتىكىلەر روھىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتمىگەچكە، ئاقساقاللىق مەسئۇلىيىتىگە تەييار بولغان ھېچكىم تېخى چىقمىغان بولسا كېرەك ياكى (تېخىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن) جامائەتنىڭ ئۆزى ئاقساقاللارنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئەمەس بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇشبۇ خەت ئەفەسۇس شەھرىدە يېزىلغان (8:16). پاۋلۇس شۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىدا ئۈچ قېرىنداش، يەنى ئىستىفاناس، فورتۇناتۇس ۋە ئاخايكۇس ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ، كورىنت جامائىتى يازغان بىر خەتنى كۆتۈرۈپ كەلدى (17:16). ئۇلارنىڭ خېتىدە ئېتىقاد ھاياتى توغرۇلۇق قويۇلغان بىرنەچچە سوئال بار ئىدى. مۇشۇ سوئاللار تۈۋەندىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى: —

(1) ئەر-ئاياللىق ياكى تەنھا ھايات توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر (7-باب)؛

(2) بۇتلارغا نەزىر قىلىنغان تائاملارنى يېگىلى بولامدۇ، بولمامدۇ؟ (8-باب، 10:15-33)؛

(3) خۇدانىڭ خىزمىتىگە مەخسۇس ئايرىلغانلارنىڭ ئەھۋالى؛ ئۇلارغا قانداق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەر (9-باب)؛

(4) جامائەت سورۇنلىرىدا ئەرلەر ۋە قىز-ئاياللارنىڭ باشلىرىغا بىر نەرسە ئارتىشى كېرەك ياكى كېرەك ئەمەسلىكى توغرۇلۇق (17:11-33)؛

(5) «رەبنىڭ داستىخىنى» — جامائەت سورۇنىدا «نان ئۇشتۇش» توغرۇلۇق؛

(6) «روھىي ئىلتىپاتلار» (12-14-باب)؛

(7) ئۆلۈمدىن تىرىلىش (15-باب)؛

(8) جامائەتنىڭ يوقسۇل-ھاجەتمەنلەرگە ياردەمدە بولۇپ ئىئانە قىلىشى (1:16-4)؛

(9) ئاپوللوسنىڭ جامائەتنى كۆچەيتىش ئۈچۈن كېلىش ئىمكانىيىتى (12:16)؛

پاۋلۇس كورىنت شەھرىگە كەلگىنىگە ئۈچ يىلدىن سەل ئاشقانىدى. ئەينى چاغدا جامائەتتىكى ئېتىقادچىلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭقۇر بۆتپەرەسلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلغانىدى. بىراق ئۇ ئۇلارنىڭ شۇ ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئىچىدە ھەرقانداق ھەسەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق قاتارلىقلاردىن ھەم «ئىنسانىي ئوي-پىكىرلىرى»دىن خالاس بولۇشىنى، قىسقىسى مەسىھتە «روھىي ئادەملەر»دىن بولۇشىنى نورمال ۋە تېگىشلىك ئىش دەپ قارايتتى. بۇ بىزلەر ئۈچۈنمۇ چوڭ ساۋاق بولۇشى كېرەكتۇر. سىز مەسىھكە ئېتىقاد باغلىغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ ئۈچ يىلدىن ئارتۇقمۇ؟ ئەمدى مەسىھتە بولغان مول نىجاتتىن قانچىلىكىنى ئۆزىڭىزگە سىڭدۈرۈپ قوبۇل قىلدىڭىز؟

ھالبۇكى، بىزنىڭ روسۇلنىڭ شۇنچە كۆپ مەسىلىلىرى بولغان بۇنداق بىر جامائەتكە خەت يېزىشىغا مەجبۇر بولغانلىقىدىن خۇداغا مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى بىزنىڭ (مەيلى ئۆز شەخسىيىتىمىزنىڭ بولسۇن ياكى جاھاندا بولغان جامائەتلەرنىڭ بولسۇن) ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن بۆگۈنكى قىيىنچىلىقلىرىمىز ۋە مەسىلىلىرىمىزدىن ئازاد قىلىنىش يولىنى تېپىشىمىزغا يېتەكلىگۈچى بولىدۇ. مېھىر-مۇھەببەت توغرۇلۇق ئەزەلدىن بۇيان يېزىلىپ كەلگەن بارلىق يازمىلار ئىچىدە ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئۆتكۈر سۆزلەر مۇشۇ خەتتىن تېپىلىدۇ (13-باب).

ئەسلىدە پاۋلۇس ئوقۇرمەنلەرنى بۇ خەتنى بىرىولىلا ئوقۇپ چىقسۇن دەپ يازغانىدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بەزى قىيىن ئايەتلەر ۋە روسۇل كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن مەلۇم بىرنەچچە ھەقىقەت ئۈستىدە، شۇنداقلا ھازىرقى زامانىمىزدا بۇلارنى قانداق تەتبىقلىغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## مەزمۇن: –


| | |
|---|---|
| 9-1:1 | سالاملىشىش، تەشەككۈر ئېيتىش |
| 31-10:1 | بۆلۈنۈش؛ بىرلىكنىڭ بىردىنبىر ئاساسى |
| 2-باب | روھقا تايىنىش ياكى ئۆز زېھنىگە تايىنىش؟ |
| 3-باب | «ئەت»كە قۇل بولۇش، بۆلۈنۈشلەر؛ ھەقىقىي ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلۇش |
| 4-باب | خۇدانىڭ خىزمىتىدىكى «غوجىدارلار»نىڭ مەسئۇلىيەتلىرى |
| 5-باب | رەزىل ئادەمنى جامائەتتىن چىقىرىش كېرەك |
| 8-1:6 | ئېتىقادچىلارنىڭ بىر-بىرىگە قىلىدىغان ئەرزلىرى |
| 20-9:6 | مۇقەددەسلىك توغرۇلۇق |
| 7-باب | ئەر-خوتۇنلۇق، تەنھالىق |
| 8-باب | بۇتلارغا نەزىر قىلىنغان تائاملار |
| 9-باب | روسۇللارنىڭ ئەركىنلىكى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جامائەتتە بولغان قۇللۇقى |
| 10-باب | ئىسرائىلدىن ئالغان ساۋاقلار |
| 16-1:11 | باشنى يېپىش-ياپماسلىق توغرۇلۇق |
| 34-17:11 | «رەببىنىڭ داستىخىنى» |
| 12-باب | روھىي ئىلتىپاتلار |
| 13-باب | مېھىر-مۇھەببەت |
| 14-باب | روھىي ئىلتىپاتلار |
| 15-باب | ئۆلۈمدىن تىرىلىش |
| 16-باب | ئىئانە قىلىش، ئاخىرقى سۆزلەر |

# «كورىنتلىقلارغا (1)»

## روسۇل پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان

## بىرىنچى مەكتۇپ

### سالام

1

2-1 خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مەسىھ ئەيسانىڭ روسۇلى دەپ
چاقىرىلغان مەنكى پاۋلۇستىن ۋە قېرىندىشىمىز سوستېنىستىن
كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتكە، مەسىھ ئەيسادا پاك-مۇقەددەس قىلىنىپ،
«مۇقەددەس بەندىلىرىم» دەپ چاقىرىلغانلارغا ۋە شۇنىڭدەك ھەر يەرلەردە رەب
ئەيسا مەسىھنىڭ (ئۇ ئۇلارغا ۋە بىزگە مەنسۇپ!) نامىغا نىدا قىلغۇچىلارنىڭ
ھەممىسىگە[1] سالام! 3 ئاتىمىز خۇدا ھەم رەب ئەيسا مەسىھتىن سىلەرگە
مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك بولغاي!
4 خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسادا سىلەرگە ئاتا قىلىنغان مېھىر-شەپقىتى
تۈپەيلىدىن خۇدايىمغا ھەردائىم تەشەككۈر ئېيتىمەن؛ 5 بۇنىڭ بىلەن سىلەر
ئۇنىڭدا[2] ھەر تەرەپتە، ھەرقانداق سۆزدە، ھەر تەرەپتىكى بىلىملەردە باي
قىلىنغانسىلەر، 6 خۇددى مەسىھنىڭ گۇۋاھلىقى سىلەردە تەستىقلانغاندەك.[3]

---

1 «ھەر يەرلەردە رەب ئەيسا مەسىھنىڭ (ئۇ ئۇلارنىڭ ۋە بىزنىڭ!) نامىغا نىدا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى» دېگەن ئىبارە «ئالەمشۇمۇل جامائەت»نىڭ ئاددىي ۋە يىغىنچاق بىر تەبىرىدۇر.

2 «ئۇنىڭدا» — مەسىھ ئەيسادا.

3 خۇدانىڭ ئۇلارغا روھىي ئىلتىپاتلارنى بېغىشلىغانلىقى: (1) خۇدانىڭ كورىنتلىقلارغا پاۋلۇسنىڭ مەسىھ توغرۇلۇق بولغان گۇۋاھلىقىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىنى ۋە (2) خۇدانىڭ مەسىھنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن مەسىھكە تەۋە ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغىنى ئىدى. مەسىلەن، خۇدا روھىي ئىلتىپاتلىرى ئارقىلىق كورنېلىئۇسدىكىلەرنى «مېنىڭ ئادەملىرىم» دەپ تەستىقلىغانىدى («روس.» 10:44-48گە قاراڭ. «روھىي ئىلتىپاتلار»نى چۈشىنىش ئۈچۈن 12- ۋە 14-بابقا قاراڭ.

7 شۇنىڭ بىلەن سىلەردە ھەرقانداق روھىي ئىلتىپات كەملىك قىلماستىن، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئايان قىلىنىشىنى[4] كۈتىسىلەر؛ 8 ئۇ يەنە سىلەرنى ئاخىرغىچە مۇستەھكەملەيدۇكى، رەب ئەيسا مەسىھنىڭ كۈنى[5] كەلگۈچە ئەيىبسىز ساقلىنىسىلەر؛ 9 خۇدا سۆزىدە تۇرغۇچىدۇر ــ سىلەرنى ئۆز ئوغلى رەب ئەيسا مەسىھنىڭ سىرداش-ھەمدەملىكىگە چاقىرغۇچى دەل ئۇنىڭ ئۆزىدۇر[6].

## بۆلۈنۈشلەر توغرۇلۇق

10 ئەمدى مەن سىلەردىن رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئى قېرىنداشلار[7]، گېپىڭلار بىر يەردىن چىقسۇن، ئاراڭلاردا بۆلگۈنچىلىك بولمىسۇن، بىر پىكىردە، بىر نىيەتتە كامىل بىرلەشتۈرۈلۈڭلار؛ 11 چۈنكى كلوئىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ماڭا سىلەر توغراڭلاردا ئېيتىشىچە، ئى قېرىنداشلىرىم، ئاراڭلاردا تالاش-تارتىشلار بار ئىكەن. 12 دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، ھەربىرىڭلار: «مەن پاۋلۇسنىڭ تەرەپدارى»، «مەن ئاپوللوسنىڭ تەرەپدارى»، «مەن كېفاسنىڭ تەرەپدارى[8]» ۋە «مەن مەسىھنىڭ تەرەپدارى» دەۋاتىسىلەر. 13 ئەجەبا، مەسىھ بۆلۈنگەنمىكەن؟ سىلەر ئۈچۈن كرېستلەنگەن

---

4 «رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئايان قىلىنىشى» ــ رەب دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە ئۇ ھەر ئادەمگە ئايان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

5 «رەب ئەيسا مەسىھنىڭ كۈنى» ــ ئۇنىڭ زېمىنغا قايتا كېلىدىغان كۈنى.

6 «خۇدا سۆزىدە تۇرغۇچىدۇر» ــ دېمەك، خۇدا ئادەمنى ئۆزىنىڭ پاك-مۇقەددەس سىرداش-ھەمدەملىكىگە چاقىرغاچقا، ئۆز مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇنى يەنە ئاخىرغىچە گۇناھ ۋە شەيتاننىڭ ئىلكىدىن ساقلاپ، پاك ھاياتتا ياشاشقا كۈچيىتىشكە ۋەدە قىلغان.

7 «قېرىنداشلار» ــ ئىنجىلدا «ئېتىقادچى ئاكا-ئۇكىلار» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما پۈتكۈل مۇقەددەس كىتابتا قېرىنداشلار («ئېتىقادچى ئاكا-ئۇكىلار») «ئېتىقادچى ئاچا-سىڭىللار»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پرىنسىپ «يار.» 1:27دە كۆرۈنىدۇ؛ «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى» بولغان «ئادەم»نىڭ ئۆزى «ئەر-ئايال»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز «قېرىنداشلار» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

8 «كېفاس» بولسا روسۇل پېترۇسنىڭ ئىبرانىيچە ئىسمى ئىدى.

ئادەم پاۋلۇسمىدى؟ سىلەر پاۋلۇسنىڭ نامىغا چۆمۈلدۈرۈلدۈڭلارمۇ[9]؟
14 مەن خۇداغا تەشەككۈر ئېيتىمەنكى، ئاراڭلاردىن كرىسپۇس بىلەن
گايۇستىن باشقا ھېچقايسىڭلارنى چۆمۈلدۈرمىدىم؛ 15 شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم
مېنى ئۆزىنىڭ نامىدا ئادەملەرنى چۆمۈلدۈردى، دېيەلمەيدۇ. 16 دۇرۇس،
مەن يەنە ئىستىفاناسنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىمۇ چۆمۈلدۈردۈم؛ باشقا بىراۋنى
چۆمۈلدۈرگىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن.
17 چۈنكى مەسىھ مېنى ئادەملەرنى چۆمۈلدۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى
خۇش خەۋەرنى جاكارلاشقا ئەۋەتتى؛ ئۇنى جاكارلاش بولسا ئىنسانىنىڭ
ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن بولماسلىقى كېرەك؛ ئۇنداق بولغاندا مەسىھنىڭ
كرېستتىكى قۇربانلىقىنىڭ كۈچى يوقىتىلغان بولىدۇ. 18 چۈنكى كرېستتىكى
قۇربانلىقى توغرۇلۇق سۆز-كالام ھالاكەتكە كېتىۋاتقانلارغا ئەخمەقلىق، ئەمما
قۇتقۇزۇلۇۋاتقان بىزلەرگە خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىدۇر. 19 چۈنكى مۇنداق
پۈتۈلگەنكى[10]، «مەن دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمەنلىكىنى يوقىتىمەن،
ئاقىللارنىڭ ئاقىللىقىنى چەتكە قاقىمەن». 20 ئۇنداقتا، دانىشمەنلەر قېنى؟
تەۋرات ئۆلىمالىرى قېنى؟ بۇ دۇنيادىكى بەس-مۇنازىرە قىلغۇچىلار قېنى؟ خۇدا
بۇ دۇنيادىكى دانالىقنى ئەخمەقلىق دەپ كۆرسەتكەن ئەمەسمۇ؟ 21 چۈنكى
خۇدا دانالىقى بىلەن بېكىتكىنى بويىچە، دۇنيا ئۆز دانالىقى ئارقىلىق خۇدانى
تونۇمىغان، شۇڭا خۇدا ئەخمىقانە دەپ قارالغان، جاكارلىنىۋاتقان سۆز-كالام
ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەرگە نىجاتلىق يەتكۈزۈشنى لايىق كۆرگەن.
22 چۈنكى يەھۇدىيلار مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى، گرېكلار بولسا «دانالىق»نى
تەلەپ قىلىدۇ[11]؛ 23 ئەمما بىز بولساق مەسىھنى، يەنى كرېستلەنگەن
مەسىھنى جاكارلايمىز؛ بۇ يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن بىزارلىق ئىش[12]،

9 «چۆمۈلدۈرۈلدۈڭلارمۇ» — مۇشۇ يەردە سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشنى كۆرسىتىدۇ.

10 «مۇنداق پۈتۈلگەنكى» — مۇقەددەس كىتابتا يېزىلغان. مۇشۇ يەردىكى سۆزلەر تەۋرات، «يەش.» 29:14دىن ئېلىنغان.

11 شۇ زاماندىكى گرېك مەدەنىيىتىدە پەلسەپەنى چوڭقۇر دەرىجىسىگە يەتكەن دېگىلى بولىدۇ (مەسىلەن، «روس.» 21:17 ۋە ئالدى-كەينىدىكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).

12 ياكى «پۇتلىكاشاڭ».

ئەللەرگە نىسبەتەن ئەخمەقانىلىك دەپ قارىلىدۇ؛ 24 ئەمما چاقىرىلغانلار
ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەيلى يەھۇدىيلار بولسۇن ياكى گرېكلار بولسۇن، مەسىھ
خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە خۇدانىڭ دانالىقىدۇر. 25 چۈنكى خۇدانىڭ
ئەخمەقانىلىكى ئىنسانلارنىڭ دانالىقىدىن ئۈستۈندۇر، خۇدانىڭ ئاجىزلىقى
ئىنسانلارنىڭ كۈچىدىن ئۈستۈندۇر. 26 چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، سىلەرنىڭ
چاقىرىلغان ۋاقتتىكى ھالىڭلار ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىڭلار؛ چاقىرىلغانلار
ئارىسىدا ئىنسانىي تەرەپتىن[13] دانا قارالغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، كۈچ-
ھوقۇقتا ئىگە بولغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئاقسۆڭەكلەر ئانچە كۆپ ئەمەس
ئىدى؛ 27 بەلكى خۇدا دانالارنى خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى
ئەخمەق سانالغانلارنى تاللىۋالدى؛ كۈچلۈكلەرنى خىجالەتكە قالدۇرۇش
ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئاجىز سانالغانلارنى تاللىۋالدى؛ 28 ئۇ يەنە بۇ دۇنيادىكى
قەدىرسىزلەرنى، پەس كۆرۈلىدىغانلارنى تاللىۋالدى، «يوق بولغان نەرسىلەر»نى
مەۋجۇت شەيئىلەرنى[14] يوققا چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تاللىۋالدى. 29 ئۇنىڭ
مەقسىتى خۇدا ئالدىدا ھېچ ئەت ئىگىسى ماختانماسلىق ئۈچۈندۇر. 30 ئەمما
ئۇنىڭ تەرىپىدىن[15] سىلەر مەسىھ ئەيسادا تۇرىسىلەر؛ ئۇ بىزگە خۇدادىن
كەلگەن دانالىق، ھەققانىيلىق، پاك-مۇقەددەسلىك ۋە ھۆرلۈك-ئازادلىق[16]
قىلىنغاندۇر؛ 31 شۇنىڭدەك تەۋراتتا پۈتۈلگەندەك: «پەخىرلىنىپ ماختىنغۇچى
بولسا رەبدىن پەخىرلىنىپ ماختانسۇن!»[17].

## 2

1 مەن بولسام، ئى قېرىنداشلار، يېنىڭلارغا بارغىنىمدا، خۇدانىڭ
گۇۋاھلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن ھېچ گەپدانلىق ياكى ئەقىل-دانالىق
ئىشلىتىپ كەلگەن ئەمەسمەن؛ 2 چۈنكى مەن ئاراڭلاردا ئەيسا مەسىھدىن

---

13 گرېك تىلىدا «ئەتىنىڭ كۆزقارىشىچە».

14 «شەيئىلەر» — مۇشۇ يەردە ھەرخىل ئادەملەرنى، ھۆكۈمرانلارنى، دۆلەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

15 «ئۇنىڭ تەرىپىدىن» — خۇدا تەرىپىدىن.

16 «ھۆرلۈك-ئازادلىق» — گۇناھنىڭ ۋە شەيتاننىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد بولۇش.

17 «پۈتۈلگەندەك» — دائىم «مۇقەددەس كىتابتا پۈتۈلگەندەك» دېگەن مەنىدە. مۇشۇ يەردە «يەر.» 24:9.

باشقا، يەنى كرېستلەنگەن مەسىھدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەسلىككە
بەل باغلىغانىدىم؛ 3 مەن ئاراڭلاردا بولغان ۋاقتىمدا ئاجىزلىقتا، قورقۇنچتا
ۋە تىترىگەن ھالەتتە بولاتتىم[18]؛ 4 مېنىڭ سۆزلىرىم ھەم جاكارلىشىم بولسا
ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك ئىنسانىي دانالىق سۆزلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى
روھنىڭ[19] ئالامەت كۆرسىتىشلىرى ۋە كۈچ-قۇدرەت بىلەن بولغان ئىدى. 5
بۇنىڭدىن مەقسەت سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلار ئىنسانىي دانالىققا ئەمەس، بەلكى
خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە باغلانسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

6 ھالبۇكى، كامالەتكە يەتكەنلەر ئارىسىدا بىز دانالىقنى بايان قىلىمىز؛ بۇ
دانالىق بۇ دەۋردىكى دانالىق ئەمەس، ياكى بۇ دەۋردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ دانالىقى
ئەمەس (ئۇلار زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندۇر)؛ 7 ئەمما بىز بىر سىرنى ئاشكارىلاپ،
خۇدانىڭ بىر دانالىقنى بايان قىلىمىز؛ خۇدا ئەسلىدە ئاشكارە قىلىنمىغان
بۇ دانالىقنى بارلىق دەۋرلەردىن بۇرۇن بىزنىڭ شان-شەرەپكە مۇيەسسەر
بولۇشىمىز ئۈچۈن بېكىتكەنىدى[20]. 8 بۇ دانالىقنى بۇ دەۋردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ
ھېچقايسىسى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى؛ ئۇنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسا،
شان-شەرەپنىڭ ئىگىسى بولغان رەببىنى كرېستلىمىگەن بولاتتى[21]. 9 ھالبۇكى،
تەۋراتتا پۈتۈلگەنندەك: ــ

«ئۆزىنى سۆيگەنلەرگە خۇدانىڭ تەييارلىغانلىرى ــ
دەل ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن،
ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىمىغان،

---

18 «قورقۇنچتا... بولاتتىم» ــــ بەلكىم ئۇ خۇدا ئۆزىگە تاپشۇرغان بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماسلىقىدىن قورققان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمنى قورقىتىدىغان كۆپ سەۋەبلەرمۇ بولغان، ئەلۋەتتە («روس.» 18:9-10).

19 «روھ» ــــ خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھتۇر.

20 «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، ئىنجىلدا «سىر» دېگەن سۆزنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بار. سىر (گرېك تىلىدا «مىستېرىئون») خۇدا ئەسلى يوشۇرۇپ كەلگەن، ئەمدى ھازىر ئاشكارىلىغان مەلۇم بىر ئىشتىن ئىبارەتتۇر.

21 «بۇ دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار» دېگەن سۆز بەلكىم بۇ دۇنيادىكى پادىشاھ-ھۆكۈمدارلارنى قوزغىتىدىغان، ئۇلارغا ئېزىتقۇلۇق قىلىدىغان جىن-شەيتانلارنى كۆرسەتسە كېرەك.

هېچقانداق كۆڭۈل ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەردۇر».[22]

10 ئەمما بۇ نەرسىلەرنى خۇدا روھى ئارقىلىق ئايان قىلدى؛ چۈنكى روھ بولسا[23] ھەممە ئىشلارنى، ھەتتا خۇدانىڭ چوڭقۇر تەگلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئىزلىگۈچىدۇر؛ 11 چۈنكى ئىنسانلاردا، ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكىنى[24] بىلگۈچى شۇ ئىنساننىڭ روھىدىن باشقا نەرسە بارمۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدانىڭ روھىدىن باشقا، خۇدانىڭ كۆڭلىدىكىلىرىنى بىلگۈچى يوقتۇر. 12 ئەمما بىزنىڭ قوبۇل قىلغىنىمىز بولسا بۇ دۇنيادىكى روھ ئەمەس[25]، بەلكى خۇدادىن كەلگەن روھتۇر؛ دەل شۇنداق بولغاچقا بىز خۇدا تەرىپىدىن بىزگە سېخىيلىق بىلەن ئاتا قىلىنغان نەرسىلەرنى بىلىپ يېتەلەيمىز. 13 بۇ ئىش-شەيئىلەرنى ئىنسانىي دانالىقتىن ئۆگىتىلگەن سۆزلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھتىن[26] ئۆگىتىلگەن سۆزلەر بىلەن، روھىي ئىشلارنى روھىي سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ سۆزلەيمىز. 14 ئەمما «جانغا تەۋە» كىشى خۇدانىڭ روھىنىڭ ئىشلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەخمەقانىلىكتۇر؛ ئۇ ئۇلارنى ھېچ چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار روھ بىلەن[27] پەرق ئېتىلىپ

22 «يەش.» 4:64.

23 «روھ» — خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھتۇر.

24 «ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكىنى» — مۇشۇ يەردە شۇ مەلۇم كىشىنىڭ شەخسىي ۋە قەلبىدىكى ئىشلارنى ئالايىتەن كۆرسىتىدۇ.

25 «بۇ دۇنيادىكى روھ» — شەيتان. «بۇ دۇنيادىكى روھ» مۇشۇ يەردە بەلكىم شەيتاننىڭ كۆز-قاراشلىرى، «ئەقىللىرى»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

26 «روھ» — خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھتۇر.

27 «جانغا تەۋە» بولغان كىشى توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. «جانغا تەۋە» بولغان كىشى مۇقەددەس روھقا ئىگە بولمىغان كىشىدۇر؛ «ئىشەنمىگەن كىشى» دېگىنلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ خۇدانىڭ روھىغا ئەمەس، بەلكى ھەردائىم ئۆز جېنى (ئەقىل-پىكىر، زېھىن، كۆڭۈل-كاللا، ھېسسىياتلار)غا تايىنىپ ئىشلارنى پەرق ئېتىدۇ. «روھىي كىشى» ياكى «روھقا تەۋە بولغان كىشى» بولسا ئۆز روھىدا مۇقەددەس روھنىڭ تەربىيە-تەلىمىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلارنى توغرا پەرق ئېتىدۇ.

باھالىنىشى[28] كېرەكتۇر. 15 روھقا تەۋە كىشى[29] ھەممە ئىشلارغا باھا بېرەلەيدۇ؛ ئەمما ئۇنىڭغا بولسا ھېچكىم باھا بېرەلمەيدۇ. 16 چۈنكى كىم رەببنىڭ ئوي-كۆڭلىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولالىسۇن؟[30] ئەمما بىز بولساق مەسىھنىڭ ئوي-كۆڭلىگە ئىگىمىز.

# 3

1 لېكىن مەن، ئى قېرىنداشلار، روھقا تەۋە كىشىلەرگە سۆز قىلغاندەك سىلەرگە سۆز قىلالماي كېلىۋاتىمەن؛ ئەكسىچە سىلەرنى ئەتكە تەۋە كىشىلەر[31]، مەسىھدە بولغان بوۋاق ھېسابلاپ سىلەرگە سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم. 2 مەن سىلەرگە سۈت ئىچكۈزدۇم، گۆشنى يېگۈزمىدىم؛ چۈنكى سىلەر گۆشنى ھەزىم قىلالمايتتىڭلار، شۇنداقلا ھازىرمۇ تېخى ھەزىم قىلالمايسىلەر؛ 3 چۈنكى سىلەر يەنىلا ئەتكە تەۋەدۇرسىلەر. ئاراڭلاردا ھەسەتخورلۇق ۋە تالاش-تارتىشلار بار بولغاچقا، سىلەر ئەتكە تەۋە ئەمەسمۇ، ئىنسانلارچە مېڭىۋاتامسىلەر[32]؟ 4 چۈنكى بىرسى «مەن پاۋلۇس تەرەپدارى»، باشقا بىرسى «مەن ئاپوللوس تەرەپدارى» دېسە، سىلەر پەقەت ئىنسانلارنىڭ يولىدا ماڭغان بولۇپ قالامسىلەر؟[33]

5 ئاپوللوس دېگەن كىم؟ پاۋلۇس كىم ئىدى؟ بىز پەقەت سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارغا ۋاسىتىچى بولدۇق، خالاس؛ ھەربىرىمىز پەقەت رەب بىزگە تەقسىم قىلغىنى بويىچە ۋەزىپە ئادا قىلىدىغان خىزمەتكارلار، خالاس، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ 6 مەن

---

28 بۇ 14- ۋە 15-ئايەتلەردىكى «پەرق ئېتىش» ۋە «پەرق ئېتىپ باھالىنىش» گرېك تىلىدا بىرلا پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

29 «روھقا تەۋە» (ياكى «روھىي كىشى») — مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماڭىدىغان كىشى.

30 «يەش.» 13:40.

31 «ئەتكە تەۋە كىشىلەر» (ياكى «ئەتلىك كىشىلەر») توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»غا بەرگەن «كىرىش سۆز»دىكى «ئەت» توغرۇلۇق سۆزىمىزنى كۆرۈڭ. «ئەتلىك كىشى» ئاساسەن خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغىنى بىلەن تېخى ئۆز گۇناھلىرىنىڭ كۈچىدىن ئازاد بولمىغان كىشىدۇر.

32 «ئىنسانلارچە» — خۇدانىڭ يولىدا ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ يولىدا.

33 «پەقەت ئىنسانلارنىڭ يولىدا ماڭغان بولۇپ قالامسىلەر؟» — دېمەك، خۇدانى تونۇمىغان، روھتىن تۇغۇلمىغان، تېخىچە ئادەمئاتىمىزنىڭ ئائىلىسىگە تەۋە بولغان، ئادەتتىكى گۇناھكار ئىنسانلارغا ئوخشاش.

تىكتىم، ئاپوللوس سۇغاردى؛ ئەمما ئۆستۈرگۈچى بولسا خۇدادۇر[34]. 7 شۇڭا
تىككۈچى ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس، سۇغارغۇچىمۇ ھېچنېمىگە ھېساب
ئەمەس، پەقەت ئۆستۈرگۈچى خۇدا ئۆزى ھەممىدۇر. 8 ئەمما تىككۈچى ۋە ئۇسا
قىلغۇچى بولسا بىر مەقسەتتىدۇر[35]؛ شۇنداقتىمۇ ھەربىرى ئۆز ئەجرى بويىچە
ئىنئامىنى قوبۇل قىلىدۇ. 9 چۈنكى بىز خۇداغا تەۋە مېھنەتداشتۇرمىز[36]؛ سىلەر
بولساڭلار خۇدانىڭ باغ-ئېتىزى، خۇدانىڭ قۇرۇلۇشىسىلەر.
10 خۇدانىڭ ماڭا تەقسىم قىلغان مېھىر-شەپقىتى بويىچە، خۇددى ئۇستا
مېماردەك ئۇل سالدىم، ئاندىن باشقا بىرسى ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما
ھەربىر قۇرغۇچى قانداق قۇرۇۋاتقانلىقىغا ئېھتىيات قىلسۇن.
11 چۈنكى سېلىنغان ئۇلنى، يەنى ئەيسا مەسىھدىن باشقا ھېچقانداق
ئۇلنى سېلىشقا بولمايدۇ. 12 ئەمدى بىرسى بۇ ئۇل ئۈستىگە ئالتۇن، كۈمۈش،
قىممەتلىك تاشلار[37]، ياغاچ، چۆپلەر، سامان سالسا، 13 ھەربىرىنىڭ
سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ قانداقلىقى كۆرۈنىدۇ؛ چۈنكى شۇ كۈنى[38] ئۇنى ئاشكارە
قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ماھىيىتى ئوتتا كۆرۈلىدۇ؛ ئوت ھەربىر كىشىنىڭ
ئەجرىنى، قانداق ماھىيەتتىن بولغانلىقىنى سىنايدۇ. 14 بىرسىنىڭ ئۇل
ئۈستىگە قۇرغان ئىشى پۇختا ساقلىنىپ قالسا[39]، ئۇ ئىنئامغا ئېرىشىدۇ؛
15 بىرسىنىڭ قۇرغىنى كۆيۈپ كەتسە، ئۇ زىيان تارتىدۇ؛ ئۇ ئۆزى قۇتۇلىدۇ،
ئەمما گويا ئوتتىن ئۆتۈپ قۇتۇلغان بىرسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. 16 ئەجەبا،

34 «ئاپوللوس سۇغاردى». كورىنت شەھىرىدىكى جامائەت پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق ئېتىقاد قىلغانىدى؛ كېيىن ئاپوللوس كورىنت شەھىرىگە بېرىپ ئىشەنگۈچىلەرنى تەۋرات-زەبۇر توغرىسىدىكى بىلىملىرى ئارقىلىق زور دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرگەنىدى («روس.» 18-باب).

35 «بىر مەقسەتتىدۇر» — گرېك تىلىدا «بىردۇر».

36 باشقا بىرخىل چۈشەندۈرۈلۈشى: «خۇدا بىلەن مېھنەتداشتۇرمىز» («2كور.» 20:5، 1:6نىمۇ كۆرۈڭ).

37 «قىممەتلىك تاشلار» دېگەن ئوخشىتىشنىڭ مۇشۇ يەردە ئومۇمىي كۆرسەتكىنى بەلكىم ياقۇت-گۆھەرلەرنى ئەمەس، بەلكى ئويۇلغان، بىنانى پۇختا قىلىدىغان قاتتىق چىدامل‍ىق تاشلارنى كۆرسەتسە كېرەك. پاۋلۇس بۇنىڭ كۆچمە مەنىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئويلىنىشىغا قالدۇرىدۇ!

38 «شۇ كۈنى» — مەسىھ ئەيسا زېمىنغا قايتىدىغان كۈندۇر.

39 دېمەك، «بىر كىشىنىڭ ئۇل ئۈستىگە قويغان ماتېرىياللىرى ئوتقا بەرداشلىق بېرەلىسە،...».

ئۆزۈڭلارنىڭ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ئىكەنلىكىڭلارنى ۋە خۇدانىڭ روھىنىڭ سىلەردە تۇرغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ [17] بىرسى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى خاراب قىلسا، خۇدا ئۇنى خاراب قىلىدۇ؛ چۈنكى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى پاك-مۇقەددەستۇر، سىلەر دەل شۇنداقسىلەر.

[18] ھېچكىم ئۆز-ئۆزىنى ئالدىمىسۇن؛ بىرسى ئۆزىنى بۇ دەۋردە دانا دەپ سانىسا، نادان بولۇپ قالسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ دانا بولىدۇ(40). [20-19] چۈنكى بۇ دۇنيادىكى دانالىق خۇداغا نىسبەتەن ئەخمەقلىقتۇر؛ چۈنكى: — «ئۇ دانىشمەنلەرنى ئۆز ھىيلىگەرلىكىنىڭ تۇزىقىغا ئالىدۇ»(41)، دەپ ۋە يەنە: «رەب دانىشمەنلەرنىڭ ئوي-خىياللىرىنىڭ تۇتامى يوقلۇقىنى بىلىدۇ»(42) دەپ پۈتۈكلۈكتۇر.

[21] شۇڭا ھېچكىم ئىنسان دېگەنلەرنى پەخىرلىنىپ داڭلىمىسۇن؛ چۈنكى ھەممە مەۋجۇداتلار سىلەرگە تەۋەدۇر؛ [22] پاۋلۇس بولسۇن، ئاپوللوس بولسۇن، كېفاس بولسۇن، دۇنيا-جاھان بولسۇن، ھايات بولسۇن، ئۆلۈم بولسۇن، ھازىرقى ئىشلار بولسۇن، كەلگۈسى ئىشلار بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە مەنسۇپتۇر؛ [23] سىلەر بولساڭلار مەسىھنىڭ، مەسىھ بولسا خۇدانىڭكىدۇر.

## مەسىھنىڭ روسۇللىرىنىڭ خىزمىتى

4 [1] بىرسى بىز توغرۇلۇق بىرنېمە دېمەكچى بولسا، بىزنى مەسىھنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە خۇدانىڭ سىرلىرى ئامانەت قىلىنغان غوجىدارلار دەپ بىلسۇن. [2] ئەمدى غوجىدار دېگەنلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى شۇكى، ئۇلار ۋاپادار-سادىق بولۇشى كېرەكتۇر. [3] ئەمما مەن سىلەر تەرىپىڭلاردىن ياكى باشقا ھەرقانداق ئىنسانىي سوت تەرىپىدىن(43) سوراقشتۇرۇپ باھالانسام،

[40] «بىرسى ئۆزىنى بۇ دەۋردە دانا دەپ سانىسا، نادان بولۇپ قالسۇن» — مەسىھنىڭ «مات.» 1:18-4دە ۋە «ماركا» 13:10-16دە ئېيتقان سۆزلىرىنى كۆرۈڭ.

[41] «ئايۇپ» 13:5.

[42] «زەب.» 11:94.

[43] «ھەرقانداق ئىنسانىي سوت تەرىپىدىن...» دېگەن گرېك تىلىدا «ئىنسانىي بىر كۈن تەرىپىدىن...». ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى سوراقشتە قىلغۇچى بولسا مەلۇم بىر ئىنساننىڭ كۈنى ئەمەس، بەلكى مەسىھنىڭ كۈنى، يەنى قىيامەت كۈنىدۇر.

بۇ مەن ئۈچۈن زىغىرچىلىك ئىش؛ مەن ھەتتا ئۆزۈم توغرۇلۇق سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. [4] چۈنكى ۋىجدانىم ئەيىبلەيدىغان ھېچقانداق ئىشلىرىمدىن خەۋىرىم يوق؛ ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئۆزى مېنى ھەققانىي دەپ ئاقلىمايدۇ؛ مېنى سورۇشتۇرۇپ باھالىغۇچى بولسا رەبدۇر. [5] شۇڭا ۋاقتى-سائىتى كەلمىگۈچە، يەنى رەب كەلمىگۈچە ھېچ ئىش توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارماڭلار؛ رەب كەلگەندە ئۇ قاراڭغۇلۇقتىكى يوشۇرۇن ئىشلارنى ئاشكارىلايدۇ، قەلب-دىللاردىكى بارلىق ئوي-نىيەتلەرنى ئايان قىلىدۇ؛ شۇ چاغدا ھەربىرى خۇدا تەرىپىدىن تەرىپلىنىدۇ. [6] ئەمما، ئى قېرىنداشلار، بۇ ئىشلارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى دەپ ئۆزۈمگە ۋە ئاپوللوسقا تەتبىقلىدىم؛ مەقسەت سىلەر بىز ئارقىلىق «پۈتۈلگەننىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار»(44) دېگەن ساۋاقنى ئۆگىنىشىڭلار، شۇنداقلا ھېچقايسىڭلارنىڭ مەلۇم بىرسىنى باشقا بىرسىدىن ئۈستۈن دەپ پەخىرلىنىپ تەكەببۇرلىشىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر.

[7] چۈنكى كىم سېنى باشقا بىرسىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ؟(45) ساڭا ئاتا قىلىنغان نەرسىدىن باشقا سەندە يەنە نېمە بار؟(46) ھەممە ساڭا بېرىلگەن تۇرسا، نېمىشقا «مەندە ئەسلى بار ئىدى» دەپ پەخىرلىنىپ كۆرەڭلەپ كېتىسەن؟ [8] سىلەر ئاللىقاچان تويۇنۇپ كەتتىڭلار! ئاللىقاچان بېيىپ كەتتىڭلار! سىلەر بىزسىز پادىشاھلار بولۇپ ھۆكۈم سۈردۈڭلار! كاشكى سىلەر ھەقىقەتەن ھۆكۈم سۈرگەن بولساڭلارئىدى — ئۇنداقتا بىز سىلەر

[44] «پۈتۈلگەننىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار» دېگەن سۆزلەر تەۋراتتا ئەينى پۈتۈلمىگىنى بىلەن، ئۇ تەۋرات-ئىنجىلدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپتۇر. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزگە قاراڭ.

[45] «كىم سېنى باشقا بىرسىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ؟» دېگەن سوئالغا بەلكىم مۇنداق ئىككى توغرا جاۋاب بېرىلىشى مۇمكىن: (1) «مەلۇم كىشىنى باشقا بىر كىشىدىن باشقىچە قىلغۇچى پەقەت خۇدادۇر» شۇڭا تەكەببۇر بولۇشنىڭ ئاساسى يوق؛ (2) ھېچ ئىنساننىڭ خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا «مەن باشقىلاردىن ئۈستۈن» دەپ تەكەببۇر بولۇشنىڭ ئاساسى يوق.
شۇنداق قارايمىزكى، (1)-جاۋاب پاۋلۇسنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

[46] دېمەك، ھەربىرىمىزنىڭ بارلىقى خۇدا تەرىپىدىن بىزگە ئاتا قىلىنىدۇ؛ شۇڭا «مەندە ئەسلى شۇنداق قابىلىيەت (تالانت، كۈچ، قاتارلىقلار....) بار ئىدى» دەپ تەكەببۇرلىشىپ كېتىش ھاماقەتلىكتۇر.

بىلەن بىللە ھۆكۈم سۈرگەن بولاتتۇق![47] 9 چۈنكى خۇدا روسۇللار بولغان
بىزلەرنى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئادەملەردەك ئەڭ ئاخىرغا قويۇپ سازايى
قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان، دەپ ئويلايمەن؛ چۈنكى بىز پۈتكۈل ئالەمگە،
يەنى ھەم پەرىشتىلەرگە ھەم ئىنسانلارغا بىر خىل تاماشا بولدۇق. 10 بىز
مەسىھ ئۈچۈن ئەخمەق سانالغانلارمىز[48]، ئەمما سىلەر مەسىھدە داناسىلەر!
بىز ئاجىز، ئەمما سىلەر كۈچلۈكسىلەر؛ سىلەر ئىززەتلىك، ئەمما بىز خار؛
11 ھازىرقى دەقىقىگىچە ئاچ-يالىڭاچ، چاڭقاپ يۈرمەكتىمىز، دۇمباللىنىپ،
سەرگەردان، ماكانسىز بولۇپ يۈرمەكتىمىز؛ 12 ئۆز قولىمىز بىلەن ئىشلەپ
جاپا تارتماقتىمىز؛ ئاھانەتكە قالغاندا ياخشىلىق تىلەۋاتىمىز؛ زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغاندا، چىداۋاتىمىز؛ 13 تۆھمەتكە ئۇچرىغاندا، بىز ئۇلارنى چىرايلىقچە
تۇۋىغا ئۈندەيمىز؛ بىز جاھاننىڭ داشقىلى، ئىنسانلارنىڭ سۈپۈرۈندىسى دەپ
قارىلىۋاتىمىز، تا ھازىرغىچە شۇنداق.
14 بۇ ئىشلارنى يېزىشىم، سىلەرنى خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى سۆيۈملۈك باللىرىم سۈپىتىدە سىلەرگە نەسىھەت قىلىۋاتىمەن؛
15 چۈنكى سىلەرنىڭ مەسىھدە تۇمەنلىگەن تەربىيىلىگۈچىلىرىڭلار بولسىمۇ،
سىلەرنىڭ ئاتىلار كۆپ ئەمەستۇر[49]؛ چۈنكى مەن مەسىھ ئەيسادا بولۇپ
سىلەرنى خۇش خەۋەر ئارقىلىق تۆرەلدۈرۈپ ئاتا بولدۇم. 16 شۇڭا مەن
سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، مېنى ئۈلگە قىلىڭلار.
17 دەل بۇ سەۋەبتىن مەن رەبدە بولغان ئۆز سۆيۈملۈك ۋە ئىشەنچلىك
ئوغلۇم تىموتىينى يېنىڭلارغا ئەۋەتتىم؛ ھەرقايسى جايلاردىكى جامائەتتە
ئۆگەتكەنلىرىمگە ئەگىشىپ، ئۇ سىلەرگە مەسىھدە بولغان يوللىرىم توغرۇلۇق

---

47 شۇبھىسىزكى، بۇ سىرلىق ئايەتنىڭ كىنايىلىك، مەسخىرىلىك مەنىسى بار. كورىنت جامائىتىدىكى كۆپ ئادەملەر تولىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ: «بىز روسۇل پاۋلۇس ياكى باشقا روسۇللارغا ھېچ كېرەك ئەمەسمىز؛ بىز ھەقىقەتەن «روھىي ئادەملەر»مىز، ئىنتايىن بىلىملىك، خۇدا ئالدىدا ئىنتايىن ئېسىلزادە بولۇپ، پادىشاھدەك بولدۇق» دەپ كەتكەنىدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

48 گرېك تىلىدا «بىز مەسىھ ئۈچۈن ئەخمەقلەر بولدۇق» — دېمەك، كۆپچىلىك تەرىپىدىن «ئەخمەق» ھېسابلاندۇق.

49 «ئاتىلار كۆپ ئەمەس» — روھىي جەھەتتىن بولغان ئاتىلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەسلىتىدۇ. [18] ئەمما بەزىلىرىڭلار، «پاۋلۇسنى يېنىمىزغا كەلمەيدۇ»، دەپ كۆرەڭلەپ كەتتىڭلار؛ [19] بىراق رەب بۇيرۇسا مەن پات ئارىدا يېنىڭلارغا بارىمەن؛ شۇ چاغدا مەن كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا بولغان كۈچ-قۇدرەتنى كۆرۈپ باقاي. [20] چۈنكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سۆزدە ئەمەس، بەلكى كۈچ-قۇدرەتتە ئىسپاتلىنىدۇ[50]. [21] ئەمدى نېمىنى خالايسىلەر؟ يېنىڭلارغا تاياق كۆتۈرۈپ بېرىشىمنىمۇ، ياكى مېھىر-مۇلايىملىق روھىدا بېرىشىمنىمۇ؟

## ئېغىر بىر گۇناھ

5

[1] ھەرتەرەپتىن شۇ ئاڭلىنىۋاتىدۇكى، ئاراڭلاردا بۇزۇقچىلىق بار ئىكەن – بۇنداق بۇزۇقچىلىق ھەتتا تائىپىلەر ئارىسىدىمۇ تىلغا ئېلىنمايدۇ – ئۇ بولسىمۇ بىرسىنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئايالىغا چېقىلىشتىن ئىبارەت. [2] ئەمما سىلەر يوغىناپ كۆرەڭلەپ كەتتىڭلار! بۇ رەزىل ئىشنى سادىر قىلغان كىشى ئارىمىزدىن قوغلىۋېتىلسۇن دەپ ئۆكۈنۈشۈڭلارغا توغرا كەلمەمدۇ!؟ [3] چۈنكى گەرچە تەندە سىلەر بىلەن بىللە بولمىساممۇ، ئەمما روھتا سىلەر بىلەن بىللە بولۇش سۈپىتىدە ئاللىقاچان شۇنداق مەن شۇ ھۆكۈمنى چىقاردىمكى، [4] – (ھەممىڭلار رەب ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا جەم بولغاندا، ئۆزۈمنىڭ روھىم سىلەر بىلەن بولۇپ، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ) – [5] شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ئەتلىرى ھالاك قىلىنسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلسۇن[51]. [6] سىلەرنىڭ چوڭچىلىق قىلغىنىڭلار ياخشى ئەمەس. «كىچىككىنە خېمىرتۇرۇچ پۈتكۈل خېمىرنى بولدۇرۇپ يوغىنىتىدۇ» دەپ بىلمەمسىلەر؟

[50] ياكى «نامايان بولىدۇ».

[51] بۇ ئىش (باشقىچە ئېيتقاندا، «شەيتاننىڭ ئىلكىگە قايتۇرۇش») توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. بەزى ئالىملار «ئەتلىرى» دېگەننى روھىي جەھەتتىن چۈشەندۈرىدۇ، دېمەك، بۇ ئىش كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ گۇناھلىق تەبىئىتى، ياكى كورىنتتىكى پۈتكۈل جامائەتتە «گۇناھلىق تەبىئىتىدىن چىققان ئىشلار»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز مۇشۇ يەردىكى «ئەتلىرى»نى جىسمانىي جەھەتتىن چۈشىنىمىز. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇنىڭ ئاساسىنى كۆرسىتىمىز.

7 كونا خېمىرتۇرۇچنى چىقىرىۋېتىڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئەسلى
خېمىرتۇرۇچسىز خېمىردەك يېڭى بىر زۇۋۇلا بولىسىلەر؛ چۈنكى «ئۆتۈپ
كېتىش ھېيتى»دىكى قوزىمىز بولغان مەسىھ قۇربانلىق قىلىندى؛ 8 شۇڭا
ھېيتنى يامان نىيەتلىك ۋە رەزىللىك بولغان خېمىرتۇرۇچ بىلەن ئەمەس،
بەلكى سەمىمىيلىك ۋە ھەقىقەت بولغان پېتىر نان بىلەن تەنتەنە قىلىپ
ئۆتكۈزەيلى[52].
9 مەن ئالدىنقى خەتتە سىلەرگە بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار بىلەن ئارىلاشماڭلار
دەپ يازغانىدىم؛ 10 ئەمما بۇ دېگىنىم بۇ دۇنيادىكى بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار،
ياكى نەپسانىيەتچىلەر، ياكى كاززاپلار ياكى بۇتپەرەسلەر بىلەن ئارىلاشماڭلار
دېگىنىم ئەمەس؛ ئۇنداق بولغاندا دۇنيادىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولاتتىڭلار؛
11 ئەمما ھازىرقى بۇ خېتىمدە يازغىنىم شۇكى، ئۆزىنى «قېرىنداش»[53] دەپ
ئاتىۋالغان ئەمما شۇنداقلا بۇزۇقلۇق قىلغۇچى، نەپسانىيەتچى، بۇتپەرەس،
ھاراقكەش ياكى كاززاپ بولسا، ئۇنداق بىر كىشى بىلەن ئارىلاشماڭلار، ھەتتا
ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخانمۇ بولماڭلار. 12 سىرتتىكىلەرنى ھۆكۈم چىقىرىپ بىر
تەرەپ قىلىشنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ لېكىن ئىچىڭلاردىكىلەرنى
ئۆزۈڭلار ھۆكۈم چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىش سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئەمەسمۇ[54]؟
13 لېكىن سىرتتىكىلەرنىڭ ئۈستىگە بولسا خۇدا ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇڭا
«بۇ رەزىل ئادەمنى ئاراڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار»[55].

52 ئىسرائىلنىڭ «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»، ئۇنىڭدىن كېيىنكى «پېتىر نان ھېيتى» ۋە ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى، شۇنداقلا «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

53 «قېرىنداش» ــ ئۆزىنىڭ ئېتىقاد يولىدا قېرىنداش دەپ ئاتالغان.

54 «سىرتتىكىلەر» جامائەتتىن سىرت تۇرغانلارنى، «ئىچىدىكىلەر» جامائەتنىڭ ئىچىدە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

55 «بۇ رەزىل ئادەمنى ئاراڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار» دېگەن سۆزلەر تەۋرات، «قان.» 7:17، 9:19، 2:22، 7:24دىن ئېلىنغان.

## بىر-بىرى بىلەن دەۋالىششىقا بولامدۇ؟

6

1 سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆزئارا ئارازلىق ئىش بولسا، ئۇنى مۇقەددەس
بەندىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرماي، ھەققانىيسىزلارنىڭ
ئالدىدا دەۋالىششىقا پېتىنالامسىلەر؟[56] 2 مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ دۇنيانى
سوراق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ئەگەر دۇنيانى سىلەر سوراق قىلىدىغان
ئىش بولسا، ئەمدى زىغىرچىلىك ئىشلارنى ھەل قىلىشقا يارىمامسىلەر؟
3 پەرىشتىلەر ئۈستىدىنمۇ ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسىلەر؟[57]
شۇنداق بولغانىكەن، بۇ ھاياتتىكى ئىشلارنى ھەل قىلىش قانچىلىك ئىش
ئىدى؟ 4 سىلەردە مۇشۇ ھاياتتىكى ئىشلار ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىش
زۆرۈر تېپىلغاندا، جامائەت ئارىسىدا تۆۋەن دەپ قارالغانلارنى ئۇنى ھەل
قىلىشقا سالامسىلەر؟[58] 5 مۇشۇلارنى سىلەرنى خىجالەتكە قالدۇرۇش
ئۈچۈن دەۋاتىمەن. ئەجەبا، ئاراڭلاردا ئۆز قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم
چىقارغۇدەك دانا كىشى يوقمۇ، ھەتتا بىرىمۇ يوقمۇ؟ 6 ئۇنىڭ ئورنىدا، قېرىنداش
بىلەن قېرىنداش دەۋالىشىۋاتىدۇ، ــ ۋە كاپىرلار ئالدىدا شۇنداق قىلىدۇ! 7
ئەمەلىيەتتە ئۆز ئاراڭلاردا دەۋالارنىڭ بولغانلىقىنىڭ ئۆزى سىلەرگە نىسبەتەن
بىر ئەيىبتۇر. نېمىشقا ئۇۋالچىلىققا چىدىمايسىلەر؟ نېمىشقا ناھەقچىلىككە
يول قويمايسىلەر؟ 8 ئەكسىچە، سىلەر ناھەقچىلىك قىلىۋاتىسىلەر، خىيانەت
قىلىۋاتىسىلەر، يەنە كېلىپ قېرىنداشلىرىڭلارغا شۇنداق قىلىسىلەر!
9 ھەققانىيسىزلارنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلالمايدىغانلىقىنى
بىلمەمسىلەر؟ ئالدىنىپ كەتمەڭلار! بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار، بۇتپەرەسلەر،
زىنا قىلغۇچىلار، بەچچىۋازلار، باشقا ئەرلەر بىلەن بۇزۇقلۇق قىلغۇچىلار، 10

[56] «پېتىنالامسىلەر؟» ــ خۇدانىڭ بۇ ئىشلارغا قاراتقان غەزىپىگە يۈزلىنىشكە پېتىنالامسىلەر؟، دېمەك.
[57] «مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ دۇنيا ئۈستىدىن، پەرىشتىلەر ئۈستىدىن سوراق قىلىشى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
[58] باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنى ھەل قىلىشقا جامائەتتە ھېچ ئورنى يوقلارنى سالامسىلەر؟». لېكىن 5-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

ئوغرىلار، نەپسانىيەتچىلەر، هاراقكەشلەر، تۆھمەتخورلار ياكى ئالدامچى-كازززاپلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ؛ 11 بەزىڭلار دەرۋەقە شۇنداق بولغانسىلەر؛ ئەمما سىلەر رەب ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا ۋە خۇدايىمىزنىڭ روھى بىلەن يۇيۇلدۇڭلار، پاك-مۇقەددەس قىلىندىڭلار، ھەققانىي قىلىندىڭلار.

## تېنىڭلار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدۇر

12 «ھەممە نەرسە ماڭا ھالالدۇر»[59]، ئەمما ھەممە نەرسە پايدىلىق بولۇۋەرمەيدۇ؛ «ھەممە نەرسە ماڭا ھالالدۇر»، ئەمما مەن ھېچقانداق نەرسىنىڭ خۇمارىغا قۇل بولمايمەن. 13 «يېمەكلىكلەر ئاشقازان ئۈچۈن، ئاشقازان بولسا يېمەكلىكلەر ئۈچۈندۇر»[60]؛ ئەمما خۇدا ئۇ ۋە بۇ ھەر ئىككىسىنى يوققا چىقىرىدۇ؛ تەن بولسا بۇزۇقچىلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەب ئۈچۈندۇر؛ رەب تەن ئۈچۈندۇر[61]. 14 خۇدا رەبنى تىرىلدۈردى، شۇنىڭدەك بىزنىمۇ ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدۇ. 15 تېنىڭلارنىڭ مەسىھنىڭ ئەزالىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ ئۇنداقتا، مەسىھنىڭ ئەزالىرىنى ئېلىپ، پاھىشە ئايالنىڭ ئەزالىرى قىلسام بولامدۇ؟ ھەرگىز بولمايدۇ! 16 كىم پاھىشە ئايال بىلەن باغلانغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولىدۇ، دەپ بىلمەمسىلەر؟

59 «ھەممە نەرسە ماڭا ھالالدۇر» بەلكىم كورىنتلىقلار ئۈچۈن ئىنجىلدىكى يېمەك-ئىچمەكلەر توغرۇلۇق بولغان تەلىملەرنىڭ بىر قىسقارتىلمىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتكە يېقىن بولغىنى بىلەن، پاۋلۇس ھازىر ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەكلەر توغرۇلۇق باشقا تەرەپلەردىنمۇ ئويلاش كېرەك، دەپ تەلىم بەرمەكچى.

60 باشقىچە ئېيتقاندا: «يېمەكلىكلەر قورساقنى تويدۇرۇش ئۈچۈن، قورساق بولسا يېمەكلىكلەرنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن». كورىنتلىقلاردىن بەزىلىرى بۇ گەپنى باشقا ئىشلارغا تەتبىقلاپ، «تېنىمىزنىڭ ھەرقانداق ئېھتىياجلىرى ياكى ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى خالىغانچە قاندۇرۇۋەرسەك بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى. لېكىن، جىنسىي ئەخلاقسىزلىققا كەلسەك بۇ توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

61 «رەب تەن ئۈچۈندۇر». ئادەمنى ھەيران قالارلىق بۇ بايان توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

چۈنكى «ئەر-ئايال ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ»[62] ــ دېيىلگەنىدى.
[17] ئەمما رەبگە باغلانغۇچى بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىر روھتۇر. [18] بۇزۇقلۇقتىن
قېچىڭلار. «ئىنسانلارنىڭ ھەربىر سادىر قىلغان گۇناھى ئۆز تېنىنىڭ سىرتىدا
بولىدۇ!»[63] ــ ئەمما بۇزۇقلۇق سادىر قىلغۇچى ئۆز تېنىگە قارشى گۇناھ قىلىدۇ.
[19] سىلەرنىڭ تېنىڭلار سىلەرنى تۇرالغۇ قىلغان، خۇدا تەرىپىدىن سىلەرگە
ئىلتىپات قىلىنغان[64] مۇقەددەس روھنىڭ ئىبادەتخانىسى، سىلەر ئۆزۈڭلارنى
ئۆزۈمنىڭكى ئەمەس دەپ بىلمەمسىلەر؟ [20] چۈنكى سىلەر چوڭ بەدەل بىلەن
سېتىۋېلىنغانسىلەر؛ شۇڭا تېنىڭلاردا خۇدانى ئۇلۇغلاڭلار.

## تەنھا ھايات ۋە ئەر-ئاياللىق

# 7

[1] ئەمدى ھازىر سىلەر خېتىڭلاردا ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا
كېلەيلى، ــ «ئەر ئايال زاتىنىڭ تېنىگە تەگمىسە ياخشىدۇر[65]».
[2] دۇرۇس. ئەمما بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەربىر ئەركەكنىڭ
ئۆزىنىڭ ئايالى بولسۇن، ھەربىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرى بولسۇن. [3] ئەر ئايالغا

62 «ئەر-ئايال ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ» — بۇ خۇدانىڭ ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىز توغرۇلۇق بولغان سۆزى («يار.» 24:2)؛ بۇ سۆز ھەربىر ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

63 بەزى ئالىملار، بۇ سۆزلەرنى پاۋلۇسنىڭ ئۆزىنىڭكى، دەپ قارايدۇ؛ ئەمما باشقا گۇناھلىرىمىز (مەسىلەن، نەپسانىيەتچىلىك، ھاراقكەشلىك)مۇ تېنىمىزگە يامان تەسىر يەتكۈزمەمدۇ؟ يەتكۈزىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا بىزنىڭچە بۇ سۆزلەرنى كورىنتلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭكى خاتا كۆزقارىشى دەپ ئويلايمىز؛ ئۇلار بۇ سۆزنى بۇزۇقلۇق (ۋە باشقا «جىسمانىي» گۇناھلارنى) قىلىشقا باھانە قىلاتتى. پاۋلۇس ئۇنى ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ خاتا كۆزقاراشلىرىنى توغرىلىماقچى بولۇۋاتاتتى.

64 «خۇدا تەرىپىدىن سىلەرگە ئىلتىپات قىلىنغان» دېگەنلىك بىزنىڭچە «مۇقەددەس روھ»نى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقمۇ مۇمكىنچىلىك باركى، ئۇ «سىلەرنىڭ تېنىڭلار»نى ياكى «ئىبادەتخانا»نى كۆرسىتىدۇ.

65 «ئەر ئايال زاتىنىڭ تېنىگە تەگمىسە (جىنسىي مۇناسىۋەتتە بىرگە بولۇش، ياكى توي قىلىشنى كۆرسىتىدۇ) ياخشى ئىشتۇر». ئەھۋالغا قارىغاندا كورىنتلىقلار ئارىسىدا: «توي قىلماي، پەقەت رەبنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ياخشى» ياكى «ئەر-ئاياللىق جىنسىي مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمىسۇن، كۆپرەك دۇئا-تىلاۋەتكە بېرىلسۇن» دېگەندەك گەپلەر تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. پاۋلۇس بۇ يەردە مۇشۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق سۆزلىمەكچى.

نىسبەتەن ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسۇن، ئايالمۇ ئېرىگە نىسبەتەن ئاياللىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسۇن[66]. 4 ئايال ئۆز تېنىنىڭ ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئېرى ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئەر ئۆز تېنىنىڭ ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئايالى ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر. 5 پەقەت پۈتۈن زېھنىڭلار بىلەن دۇئالارغا بېرىلىش مەقسىتىدە ئۆز ماقۇللۇقۇڭلار بىلەن ۋاقتىنچە بىرگە ياتماسلىقتا كېلىشكەندىنلا باشقا، ئەر-ئايال ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ جىنسىي ھەق-تەلىپىنى رەت قىلمىسۇن. شۇنداق ئاللاھىدە مەزگىلدىن كېيىن يەنە بىرگە بولۇڭلار. بولمىسا، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالالمايدىغانلىقىڭلاردىن شەيتان سىلەرنى ئازدۇرۇش پۇرسىتىنى تېپىشى مۇمكىن. 6 ئەمما مۇنداق دېيىشىم بۇيرۇق يولىدا ئەمەس، بەلكى مەسلىھەت يولىدىدۇر[67]. 7 ئەمدى مەن بارلىق ئادەملەرنىڭ ماڭا ئوخشاش بويتاق بولۇشىنى خالايتتىم؛ لېكىن بۇ ئىشتا خۇدانىڭ ھەممە ئادەمگە بەرگەن ئۆز ئىلتىپاتى بار؛ بىرسى ئۇنداق، يەنە بىرسى بۇنداق[68]. 8 ئەمما مەن جورىسىز تەنھا ياشىغانلار[69] ۋە تۇللارغا شۇنى ئېيتىمەنكى، مەندەك تەنھا تۇرۇۋەرسە ياخشى بولىدۇ؛ 9 ئەمما ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالالمىساڭلار، نىكاھلىنىڭلار؛ چۈنكى ئىشق ئوتىدا كۆيگەندىن كۆرە نىكاھلىق بولغان ياخشى.

66 «ئەرلىك مەجبۇرىيىتى»، «ئاياللىق مەجبۇرىيىتى» جىنسىي ھەقلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

67 بۇ ئايەتتىكى «دېيىشىم»نى بەزى ئالىملار «ۋاقىتلىق ئايرىلىپ تۇرۇش توغرىسىدىكى بىر تەكلىپ، بۇيرۇق ئەمەس» دەپ چۈشىنىدۇ، «ئەمما مۇنداق دېگىنىم بۇيرۇق يولىدا ئەمەس، بەلكى مەسلىھەت يولىدىدۇر» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر بىزنىڭ تەرجىمىمىزدەك «دېگىنىم»نى پاۋلۇسنىڭ ئەر-ئاياللىق ئوغرۇلۇق ھازىر ئېيتقان بارلىق سۆزلىرى دەپ قاراپ، «بۇ دېگىنىم... رۇخسەت يولىدا...» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ (7-ئايەتنى كۆرۈڭ).

68 «بۇ ئىشتا خۇدانىڭ ھەممە ئادەمگە بەرگەن ئۆز ئىلتىپاتى بار» — يەنى، بالا-چاقىلىق بولۇش، ياكى تەنھا بولۇش. پاۋلۇس ئۆزى تەنھا بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئائىلىسىز ھالدا خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولغان.

69 مۇشۇ ئايەتتىكى «جورىسىز تەنھا ياشىغانلار» دېگەن سۆز گرېك تىلىدا ئۆز جورىسىدىن (مەيلى ئەردىن، مەيلى ئايالدىن، ئۆلۈم تەرىپىدىن ياكى قانۇن تەرىپىدىن) ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنى كۆرسىتىدۇ، ۋە شۇنداقلا تويى قىلمىغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[10] ئەمما نىكاھلانغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا مەن شۇنى تاپىلايمەنكى، ــ (بۇ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تاپىلىغىنىم ئەمەس، يەنىلا رەبنىڭكى)، ئايال ئېرىدىن ئاجراشمىسۇن[70] [11] (ئەمما ئۇ ئاجراشقان بولسا، ئۇ تەنها ئۆتسۇن، ياكى ئېرى بىلەن يارىشىۋالسۇن)؛ ۋە ئەرمۇ ئايالىنى قويۇۋەتمىسۇن. [12] قالغانلىرىڭلارغا كەلسەك، مەن شۇنى ئېيتىمەنكى (بۇ رەبنىڭ ئېيتقىنى ئەمەس[71])، قېرىنداشنىڭ ئېتىقادسىز ئايالى بولسا ۋە ئايالى ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋېرىشكە رازى بولسا، ئۇ ئۇنى قويۇۋەتمىسۇن؛ [13] ئېتىقادچى ئايالنىڭ ئېتىقادسىز ئېرى بولسا ۋە ئېرى ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋېرىشكە رازى بولسا، ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتمىسۇن. [14] چۈنكى ئېتىقادسىز ئەر بولسا ئېتىقاد قىلغان ئايالدا پاك دەپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئېتىقادسىز ئايال بولسا ئېتىقاد قىلغان قېرىنداشتا پاك دەپ ھېسابلىنىدۇ؛ بولمىسا، پەرزەنتلىرىڭلار ھارامدىن بولغان بولاتتى؛ ئەمما ئۇلار ئەمدى پاك بولدى[72]. [15] لېكىن ئېتىقادسىز بولغان تەرەپنىڭ كەتكۈسى بولسا، ئۇ ئاجرىشىپ كەتسۇن؛ بۇنداق ئەھۋاللاردا قېرىنداش ئاكا-ئۇكىلار، ھەدە-سىڭىللار نىكاھ مەجبۇرىيىتىگە باغلىنىپ قالغان بولمايدۇ؛ قانداقلا بولمىسۇن خۇدا بىزنى ئىناق-خاتىرجەملىكتە ياشاشقا چاقىرغاندۇر[73]. [16] ئەي ئېتىقادچى ئايال، ئېرىڭنى ئېتىقاد قىلدۇرۇپ قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىڭنى نەدىن بىلىسەن؟ ئەي ئېتىقادچى ئەر، خوتۇنۇڭنى ئېتىقاد قىلدۇرۇپ قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىڭنى نەدىن بىلىسەن؟[74]

---

[70] پاۋلۇس ئۆز تەلىمىنى رەب ئەيسانىڭ يەر يۈزىدە تۇرغان ۋاقتىدىكى تەلىمىدىن ئايرىۋېتىدۇ. بۇ ئىش توغرۇلۇق ۋە ئومۇمەن بۇ باب ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

[71] رەب ئەيسا يەر يۈزىدە بولغىنىدا بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تەلىم بەرمىگەنىدى.

[72] بۇ ئايەتكە قارىغاندا، كورىنتتىكى بەزىلەر «ئېتىقادچى ئەر ياكى ئايالنىڭ جورىسى ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلمىغان بولسا ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ نىكاھى بۇلغانغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئاجرىشىشى كېرەك، شۇنداقلا بالىلىرى «ھارام»دىن بولغان بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇنداق كۆزقاراش خاتا.

[73] بۇ مۇھىم ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

[74] بىزنىڭچە پاۋلۇس مۇشۇ يەردە، ئىشەنمىگەن جورا نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولغان بولسا، ئۇنى ئېتىقاد قىلدۇرۇپ قۇتقۇزۇش پەقەت خۇدانىڭلا قىلىدىغان ئىشىدۇر، بىز ئاجىز بەندىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، شۇڭا (جورىسىنىڭ كەتكۈسى بولسا) ئۇنى ئەركىنلىككە قويۇۋەرگىن، دېمەكچى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى يەنە كۆرۈڭ.

## ئېتىقاد يولىغا چاقىرىلغان ۋاقىتتىكى سالاھىيەتتە تۇرىۋېرىڭلار

17 ھالبۇكى، رەب ھەرقايسىڭىزغا قانداق تەقسىم قىلغان بولسا، قانداق
ھالەتتە چاقىرغان بولسا، ئۇ شۇنىڭدا مېڭىۋەرسۇن؛ مەن ھەممە جامائەتلەردە
شۇنداق يوليورۇقنى تاپىلايمەن. 18 بىرسى سۈننەتلىك ھالەتتە چاقىرىلدىمۇ؟ ئۇ
قايتا سۈننەتسىز قىلىنمىسۇن[(75)]؛ بىرسى سۈننەتسىز ھالەتتە چاقىرىلدىمۇ؟ ئۇ
ئەمدى سۈننەت قىلىنمىسۇن. 19 سۈننەتلىك بولۇش ھېچنەرسە ھېسابلانماس،
سۈننەتسىز بولۇشمۇ ھېچنەرسە ھېسابلانماس؛ ھېساب بولىدىغىنى خۇدانىڭ
ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. 20 ھەركىم قايسى ھالەتتە چاقىرىلغان
بولسا[(76)]، شۇ ھالەتتە قالسۇن. 21 سەن چاقىرىلغاندا قۇل ھالىتىدە ئىدىڭمۇ؟
ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن؛ لېكىن ئەگەر ھۆرلۇك پۇرسىتى كەلسە، ئۇنى
قولۇڭدىن بەرمە. 22 چۈنكى رەبتە چاقىرىلغان قۇل بولسا رەبنىڭ ھۆر ئادىمىدۇر؛
ئۇنىڭغا ئوخشاش، چاقىرىلىپ ھۆر بولغۇچىمۇ مەسىھنىڭ قۇلىدۇر. 23 سىلەر
چوڭ بەدەل بىلەن سېتىۋېلىندىڭلار؛ ئىنسانلارغا قۇل بولماڭلار. 24 ئى
قېرىنداشلار، ھەربىرىڭلار قايسى ھالەتتە چاقىرىلغان بولساڭلار، شۇ ھالەتتە
خۇدا بىلەن بىللە تۇرۇڭلار.

## تەنھا ياشاش

25 ئەمما نىكاھلانمىغانلار[(77)] توغرۇلۇق رەبدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالمىدىم؛
شۇنداقتىمۇ رەبدىن بولغان رەھىم-شەپقەتكە مۇيەسسەر بولغانلىقىم ئۈچۈن

---

75 بەزى يەھۇدىيلار مەلۇم سەۋەبلەردىن سۈننەتتىدىن خىجىل بولۇپ، «يات ئەللەردەك بولاي» دەپ، ئۆزىنى «سۈننەتسىز» كۆرسەتمەكچى بولۇپ بىرخىل ئوپېراتسىيەنى قىلدۇراتتى.

76 «قايسى ھالەتتە چاقىرىلغان بولسا...» گرېك تىلىدا «قانداق چاقىرىلغانلىقى بولسا...» دېيىلىدۇ. دېمەك، خۇدا ھەربىرىمىزنى مەسىھگە چاقىرغىنىدا، ئەھۋال-ھالىتىمىزنى بىلىپ، ئۇ ھالىتىمىزنى ئۇنىڭ يولىدا ئىشلەتمەكچى بولىدۇ.

77 مۇشۇ يەردە «نىكاھلانمىغانلار» بولسا ھېچقاچان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغان پاك يىگىت ياكى پاك قىزلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. بەزى ئالىملار بۇ سۆز پەقەت قىزلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمدى 36-ئايەتكە قارايدىغان بولساق، بۇ ئايەت ھەم يىگىتلەرنىمۇ ھەم قىزلارنىمۇ كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

سادىق ئادەم سۆيتىدە ئۆز پىكرىمنى ئېيتىمەن. 26 ئەمدى هازىرقى قىيىنچىلىقتا
قارىغاندا[78]، ئەركىشىنىڭ شۇ تەنها هالەتتە بولۇشىنى ياخشى ئىش دەيمەن.
27 ئايالغا باغلانغان بولساڭ، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىششىنى ئويلىما؛
ئايالىڭدىن ئاجرىشىپ كەتتىڭمۇ؟ ئۇنداقتا يەنە ئۆيلىنىشنى ئويلىما. 28 لېكىن
ئۆيلەنسەڭ، سەن گۇناھ قىلغان بولمايسەن؛ ۋە نىكاھلانمىغانلار نىكاھلانسا،
ئۇلارمۇ گۇناھ قىلغان بولمايدۇ. ئەمما شۇنداق قىلسا ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە
جاپاغا ئۇچرايدۇ[79]؛ مېنىڭ سىلەرنى ئۇنىڭدىن خالىي قىلغۇم بار. 29 ئەمما
شۇنى دېگۈم باركى، ئى قېرىنداشلار ــ ۋاقىت قىسقىدۇر. شۇڭا ئايالىق بولغانلار
ئايالسىزلاردەك بولسۇن[80]؛ 30 ماتەم تۇتقانلار ماتەم تۇتمىغانلاردەك بولسۇن؛
بەخت-خۇشاللىقتا بولغانلار بەخت-خۇشاللىقتا بولمىغانلاردەك بولسۇن؛
مال-مۈلۈك سېتىۋالغانلار مال-مۈلۈكسىزلەردەك بولسۇن؛ 31 بۇ دۇنيادىكى
بايلىقلاردىن بەھرىمەن بولغانلار دۇنيانى ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتى دەپ بىلمىسۇن؛
چۈنكى بۇ دۇنيادىكى هازىرقى هالەت ئۆتۈپ كېتىدۇ[81]. 32 ئەمما سىلەرنىڭ
غەمسىز بولۇشۇڭلارنى خالايمەن. ئايالسىز كىشى بولسا رەببىنىڭ ئىشلىرىنى
ئويلايدۇ، قانداق قىلىپ رەببنى خۇرسەن قىلىشنىڭ غېمىدە بولىدۇ. 33 ئەمما
ئايالىق كىشى قانداق قىلىپ ئايالىنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى
ئىشلارنىڭ غېمىدە بولىدۇ؛ 34 يەنە كېلىپ ئايال ۋە نىكاھلانمىغان قىزنىڭ

[78] «هازىرقى قىيىنچىلىق» — پاۋلۇس مۇشۇ خەتنى يازغان ۋاقىتتا رىم ئىمپېرىيەسى بويىچە كۆپ ساندىكى ئىشەنگۈچىلەر زور زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتاتتى.

[79] «ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە جاپاغا ئۇچرايدۇ». پاۋلۇسنىڭ بۇ سۆزى، ھەربىر ئەر-ئايالىقتىكى نورمال مۇناسىۋەتتە بولغان مۇشەققەت-جاپالار، ئېگىز-پەسلىكلەر توغرۇلۇق ئېيتىلىدۇ، دەپ قارايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ دەۋردىكى زىيانكەشلىك ئاستىدىمۇ ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن، بىر-بىرىنى ئېغىرچىلىقتىن ئاياش ئۈچۈن تارتقان دەرد-ئەلەملىرى تېخىمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

[80] 31-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

[81] «ۋاقىت قىسقىدۇر» 29-31-ئايەتلەردە پاۋلۇس ئۇلارغا بارلىق ۋاقىتنى، خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولۇش پۇرسەتلىرىنى قەدىرلەشنى دەۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەنىسى، مۇشۇ دۇنيادىكى بەخت-بايلىقلار بىزدە بولسا ئۇلاردىن ھۇزۇرلانساق بولىدۇ، لېكىن مۇشۇ ئالەم «بەش كۈنلۈك» بولغاچقا، خۇدانىڭ خىزمىتىدە، مەڭگۈلۈك پايدىلىق بولغان ئىشلارغا قاراپ مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دېمەكچى.

ئۆتتۈرىسىدا پەرق بار: نىكاھلانمىغان قىز بولسا رەبنىڭ ئىشلىرىنىڭ، قانداق
قىلىپ ھەم تەندە ھەم روھتا پاك-مۇقەددەس بولۇشنىڭ غېمىدە بولىدۇ؛
ئەمما ياتلىق بولغان ئايال قانداق قىلىپ ئېرىنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن،
بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ غېمىدە بولىدۇ. 35 ئەمما مەن بۇ سۆزنى سىلەرنىڭ
مەنپەئەتىڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتىمەن؛ بوينۇڭلارغا سىرتماق سېلىش ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى ئىشلىرىڭلارنىڭ گۈزەل بولۇشى، كۆڭلۈڭلار بۆلۈنمىگەن ھالدا
رەبگە بېرىلىپ ئۇنى كۈتۈشۈڭلار ئۈچۈن دەۋاتىمەن.
36 ئەمما ئەگەر بىرسى نىيەت قىلغان قىزغا[82] نىسبەتەن مۇئامىلەمنىڭ
دۇرۇس بولمىغان يېرى بار دەپ قارىسا، ئۇ قىز ياشلىق باھارىدىن ئۆتۈپ كەتكەن
بولسا، ئىككىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن، ئۇ گۇناھ
قىلغان بولمايدۇ؛ ئۇلار نىكاھ قىلسۇن[83]. 37 بىراق، بىرسى ئۆز كۆڭلىدە مۇقىم
تۇرۇپ، ھېچقانداق ئىشق بېسىمى ئاستىدا بولماي، بەلكى ئۆز ئىرادىسىنى
باشقۇرۇپ، كۆڭلىدە نىيەت قىلغان قىزنى ئەمرىگە ئالماسلىقنى قارار قىلغان
بولسا، ياخشى قىلغان بولىدۇ. 38 قىسقىسى، ئۆيلەنگەننىڭ ئۆيلەنگىنىمۇ
ياخشى ئىش، ئۆيلەنمىگەننىڭ ئۆيلەنمىگىنىمۇ تېخىمۇ ياخشى ئىش.
39 ئېرى ھايات چاغدا ئايالى ئۇنىڭغا باغلانغاندۇر؛ ئەمما ئېرى ئۆلۈمدە

82 «نىيەت قىلىنغان قىزى» دېگەننىڭ باشقا بىر چۈشەنچىسى «ۋەدىلەشكەن قىزى». ئىشقىلىپ، بۇ ئايەت بويىچە، توي قىلمىغان ئەر كىشى كۆڭلىدە بىر قىزنى ئويلايدۇ. قىزغا «مۇئامىلەمنىڭ دۇرۇس بولمىغان يېرى بار» دېگەنلىكى بەلكىم: (1) قىزغا بولغان ئىشقىنى سۆز ياكى ھەرىكەت بىلەن بىلدۈرۈشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، لېكىن ئۇنىڭغا تېخى ئېنىق ۋەدە قىلماسلىق، شۇنداقلا قىزنى قىيناش؛ ياكى (2) قىزغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن يەنە ئىككىلىنىپ ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈش، شۇنداقلا قىزنى قىيناش؛ ياكى (3) توينىڭ ۋاقتىنى بېكىتكەن بولسىمۇ، ئۇلار توي ۋاقتىنى كۈتۈشكە ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالمىسا، تويىنى بالدۇرراق قىلسا بولىدۇ. قىسقىسى، ئوغۇل باللارنىڭ قىزلارنىڭ سۆيگۈسى ياكى ھېسسىياتلىرى بىلەن ئوينىشىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ.
83 باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەمما ئەگەر بىرسى ئۆزىنىڭ تەنھالىقىغا قاراپ نامۇۋاپىق يۈرگەن بولسا، ياشلىق باھارىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا، ئۇ خالىغىنىچە قىلسۇن، ئۇ گۇناھ قىلغان بولمايدۇ؛ ئۇلار نىكاھ قىلسۇن» يەنە باشقا تەرجىمىلىرىمۇ بار؛ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

ئۇخلىغان بولسا[84]، ئۇ خالىغان كىشىگە (پەقەت رەبدە، ئەلۋەتتە[85])
نىكاھلىنىشقا ئەركىن بولىدۇ.
40 لېكىن قارىشىمچە ئۇ تۇل قالسا، تېخىمۇ
بەختلىك بولىدۇ؛ مەندىمۇ خۇدانىڭ روھى بار، دەپ ئىشىنىمەن![86]

## بۇتلارغا ئاتالغان تائاملار

8

1 ئەمدى «بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان تائاملار» مەسىلىسىگە
كېلەيلى[87]. «ھەممىمىزدە بىلىم بار» دەپ بىلىمىز. خوش، بىراق
بىلىم بولسا ئادەمنى كۆرەڭلىتىدۇ؛ مېھىر-مۇھەببەت بولسا ئادەمنى قۇرىدۇ[88].
2 «مېنىڭ بىلىمىم بار» دەپ ھېسابلىغان كىشى، ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى
تېخى بىلىشكە تېگىشلىك دەرىجىدە بىلمىگەن بولىدۇ[89].
3 ئەمما خۇدانى
سۆيگەن كىشى بولسا، ئۇ ئۇنىڭ تەرىپىدىن تونۇلىدۇ[90].
4 خوش، ئەمدى «بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان تائاملار» توغرۇلۇق ــ
بىزگە مەلۇمكى، «جاھاندا بۇت دېگەن ھېچنېمە ھېسابلانمايدۇ»، ۋە «بىرلا

84 «ئېرى ئۆلۈمدە ئۇخلىغان بولسا» دېگەن سۆز، ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تەۋرات-ئىنجىل بويىچە ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن ئۆلۈش پەقەت ۋاقىتلىق ئۇخلاش، خالاس.

85 «پەقەت رەبدە (نىكاھلانسۇن)» ــ (1) پەقەت ئېتىقادچىغا نىكاھلانسۇن؛ (2) رەبنىڭ شەخسىي يوليورۇقى بىلەن نىكاھلانسۇن، دېگەن ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

86 «مەندىمۇ خۇدانىڭ روھى بار، دەپ ئىشىنىمەن» ــ بۇ كىنايىلىك سۆز. كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتتىكى بەزى ئادەملەر ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر» ھېسابلاپ، پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلمايتتى (14:36، 14:37نى كۆرۈڭ).

87 كورىنت شەھىرىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بولسا بۇتپەرەس بولۇپ، ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنۇش ئۈچۈن بۇتقا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان گۆشنى يەيتتى. كورىنتلىقلارنىڭ توي ۋە باشقا مۇراسىملىرىمۇ بۇتخانىلاردا ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇتقا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان گۆشلەر داستىخانغا قويۇلاتتى. ئۇ چاغلاردا بۇنداق گۆشنى يېيىش-يېمەسلىك ياكى بۇتخانىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىملارغا قاتنىشىش-قاتناشماسلىق ئېتىقادچىلار ئۈچۈن چوڭ بىر مەسىلە بولغان.

88 «روھىي قۇرۇش» («ئادەمنى قۇرۇش») توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

89 بۇ ئاجايىب بايان توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

90 «خۇدا تەرىپىدىن تونۇلىدۇ» ــ بەلكىم، خۇدا ئۇنى بىلىپ «بۇ كىشى مېنىڭ ئادىمىم» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، دېمەكچى.

خۇدادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر»[91]. 5 گەرچە نۇرغۇن ئاتالمىش ئىلاھلار
بار بولسىمۇ ــ مەيلى ئۇلار زېمىندا ياكى ئاسماندا تۇرىدۇ دەپ قارىلىشىدىن
قەتئىينەزەر (دەرۋەقە «ئىلاھلار» كۆپ، ۋە «رەب»لەر كۆپتۇر) 6 بىراق بىز
ئۈچۈن پەقەتلا بىر خۇدا، يەنى ئاتا باردۇر. ئۇنىڭدىن بارلىق مەۋجۇداتلار
ئاپىرىدە بولغان، بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇت بولغانمىز؛ شۇنىڭدەك، بىرلا
رەب، يەنى ئەيسا مەسىھ باردۇر. پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئۇ ئارقىلىق مەۋجۇت،
بىزمۇ ئۇ ئارقىلىق ھاياتمىز.
7 ئەمما بۇنداق بىلىم ھەممىمىزدە تېخى يوقتۇر؛ تېخى بۇتلارغا
كۆندۈرۈلگىنىدىن خالاس بولمىغان بەزى ئېتىقادچىلار بۇلسا مۇشۇنداق
تائاملارنى «بۇتقا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان» دەپ بىلىپ يەيدۇ؛ شۇنداقلا
ئۇلارنىڭ ۋىجدانى ئاجىز بولغاچقا، بۇلغانغان بولىدۇ. 8 ئەمەلىيەتتە تائاملارنىڭ
ئۆزلىرى بىزنى خۇدا بىلەن ياراشتۇرالمايدۇ؛ يېمىسەك بىزنىڭ كەمچىلىكىمىز
ھېسابلانمايدۇ، يېگەن بولساق ئارتۇقچىلىقىمۇ ھېسابلانمايدۇ. 9 بىراق ھەرھالدا
يېيىش ئەركىنلىكىڭلارنىڭ ئاجىزلارغا پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقىغا كۆڭۈل
قويۇڭلار. 10 چۈنكى ئاجىز بىر بەندە بىلىمى بار بولغان سېنىڭ بۇتخانىدىكى
داستىخاندا ئولتۇرۇپ يېگەنلىكىڭنى كۆرسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز ئاجىز ۋىجدانىغا
قارشى ھالدا بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان تائاملارنى يېيىشكە «قۇرۇلۇپ
كۈچەيتىلىدىغان» بولمامدۇ؟[92] 11 شۇنىڭ بىلەن مەسىھ ئۇنىڭ نىجاتى

---

[91] 1-ئايەتتىكى «ھەممىمىزدە بىلىم بار»، «بۇ دۇنيادا بۇت دېگەن ھېچنەرسە ئەمەس» ۋە «خۇدادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» بەلكىم بۇ كورىنت جامائىتىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ شۇئارىدەك دائىم ئېيتىدىغان سۆزلەر ئىدى.

[92] بۇ ئايەت توغرۇلۇق ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش كېرەك. بىرىنچى، كونا زامانلاردا كۆپ بۇتخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك «ئاشخانىلار»، «رېستورانلار» بار ئىدى. مەقستى بۇتپەرەسلىك ئەمەس، بەلكىم پەقەت پايدا كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما ساتقان تائاملارنىڭ كۆپىنچىسى بەلكىم خەلقلەر شۇ بۇتخانىدا بۇتلارغا ئاتاپ قىلغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق تائام يېيىشنىڭ ئۆزىنى «ساۋابلىق ئىش»، «تەلەيلىك ئىش» دەپ قارىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، پاۋلۇسنىڭ «ئۇنىڭ ۋىجدانى... «قۇرۇلۇپ كۈچەيتىلىدىغان» دېگەن سۆزى كىنايىلىك گەپ. مەزكۇر سۆزنى يۇقىرىقى «مۇھەببەت (ئادەمنى، يەنى ئادەمنىڭ روھىنى) قۇرىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن سېلىشتۇرىشىمىز كېرەك. «مۇھەببەتنىڭ قۇرۇشى»نىڭ نەتىجىسى ياخشى، ئەلۋەتتە؛

ئۈچۈن ئۆلگەن، سىنىڭ قېرىندىشىڭ بولغان بۇ ئاجىز بەندە سىنىڭ بىلىمىڭ ۋەجىدىن ھالاك بولىدۇ.
12 شۇ يول بىلەن قېرىنداشلارغا زىيان يەتكۈزۈپ گۇناھ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاجىز ۋىجدانىنى زەخىملەندۈرۈپ، مەسىھكە قارشى گۇناھ قىلىۋاتىسىلەر.
13 شۇڭا، ئەگەر بىرەر تائام ئۆز قېرىندىشىمنى يىقىتىدىغان قىلتاق بولسا، قېرىندىشىمنى يىقىتماسلىقىم ئۈچۈن مەن مەڭگۈگىچە گۆشنى قەتئىي يېمەيمەن.

## پاۋلۇسنىڭ كۆپ روسۇللۇق ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئىشلەتمەسلىكى (پاۋلۇس بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا «ئۇنى قىل، بۇنى قىل» دېيىشىگە «مەن ئەركىن ئادەم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ)

9

1 مەن ئەركىن ئەمەسمۇ؟ مەن روسۇل ئەمەسمۇ؟ مەن رەببىمىز ئەيسا مەسىھنى كۆرگەن ئەمەسمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلار مېنىڭ رەبدە بولغان ئەجرىم ئەمەسمۇ؟ 2 ئەگەر باشقىلارغا نىسبەتەن روسۇل دەپ ھېسابلانمىسام، مەن ھېچ بولمىغاندا سىلەرگە روسۇل بولدۇم؛ چۈنكى ئۆزۈڭلار رەبدە مېنىڭ روسۇل بولغانلىقىمنى تەستىقلىغان مۆھۈردۈرسىلەر.
3 مېنى سورۇشتە قىلماقچى بولغانلارغا بولغان جاۋابىم مۇنداق[93]: — 4 بىزلەرنىڭ يەپ-ئىچىشكە ھوقۇقىمىز[94] بار ئەمەسمۇ؟ 5 بىزنىڭ باشقا روسۇللار، رەبنىڭ ئۆز ئىنىلىرى ۋە كېفاسنىڭ قىلغىنىدەك، ئېتىقادچى بىر سىڭلىنى ئەمرىمىزگە ئېلىپ سەپەردە ھەمراھ قىلىپ يۈرۈش ھەققىمىز

---

لېكىن مۇشۇ ئايەتتە «بىلىمى بار» ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئاجىز قېرىندىشىنى ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلىشقا «قۇرۇپ كۈچەيتىدۇ».

93 «مېنى سورۇشتە قىلماقچى بولغانلار» — بۇ سۆز كورىنت جامائىتىدە، پاۋلۇس ھەقىقىي روسۇل ئەمەس، دەپ يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

94 «يەپ-ئىچىشكە ھوقۇق» — روسۇللار خۇش خەۋەرنى تارقىتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئايرىلىپ چىققاچقا، جامائەتلەردىن يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە، يەنى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردەمگە ئېرىشىشكە ھوقۇقلۇقتۇر. ئەمما پاۋلۇس ۋە خىزمەتدىشى بارناباس كورىنت شەھىرىدە شۇنداق ھوقۇقنى ئىشلەتمىگەن. كېيىنكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

يوقمۇ؟[95] 6 ئەجەبا، پەقەت بارناباس بىلەن مېنىڭلا ئەمگەك قىلماسلىقتا
هوقۇقىمىز يوقمۇ؟ 7 كىم خىراجەتنى ئۆزى تۆلەپ ئەسكەر بولۇپ جەڭگە
چىقىدۇ؟ كىم ئۈزۈمزار بىنا قىلىپ ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يېمەيدۇ؟ قايسى پادا
باققۇچى پادىنىڭ سۈتىدىن ئىچمەيدۇ؟ 8 بۇ دېگەنلىرىم پەقەت ئىنسانىي
كۆزقاراش بويىچە ئېيتىلغانمۇ؟ تەۋرات-قانۇنىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئوخشاش دېيىلگەن
ئەمەسمۇ؟! 9 چۈنكى مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇندا: «خامان تەپكەن
ئۆكۈزنىڭ ئاغزىغا كۆشەك سالما»[96] دەپ پۈتۈلگەندۇر. خۇدا ئۆكۈزلەرگىلا
كۆيۈنگەنمۇ، 10 ياكى بۇنى پەقەت بىزلەرنى دەپ ئېيتقانمۇ؟ شۈبھىسىزكى،
بۇ سۆزلەر بىزلەر ئۈچۈن پۈتۈلگەندۇر؛ شۇنىڭ ئۈچۈن يەر ھەيدىگۈچى ئۈمىدتە
ھەيدىشىگە تېگىشلىك، شۇنداقلا خامان تەپكۈچىمۇ ھوسۇلدىن بەھرىمەن
بولۇش ئۈمىدىدە ئىشلەشكە تېگىشلىكتۇر.[97] 11 بىز سىلەرگە روھىي
بەخت-بەرىكەتلەرنى تېرىپ، سىلەردىن ماددىي جەھەتتىن يىغىۋالساق بۇ
چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك بولامدۇ؟ 12 باشقا خىزمەتچىلەر سىلەردە مۇشۇ
ھوقۇقنى ئىشلەتكەن يەردە، بىز شۇنداق قىلساق تېخىمۇ بولىدىغۇ؟ ئەمما
مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىگە ھېچ توسالغۇ بولمىسۇن دەپ، بىز بۇ ھوقۇقنى
ھېچقاچان ئىشلىتىپ باقمىدۇق[98]؛ ئەكسىچە، ھەرقانداق ئىشلارغا چىداپ
كېلىۋاتىمىز. 13 ئىبادەتخانىدىكى مۇقەددەس ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىگۈچىلەرنىڭ
ئىبادەتخانىغا ئاتالغان ھەدىيەلەردىن يەيدىغانلىقىنى، قۇربانگاھتا خىزمەت
قىلىۋاتقانلارنىڭ قۇربانلىقلاردىن ئۈلۈشىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟
14 شۇنىڭغا ئوخشاش، رەب خۇش خەۋەرنى جاكارلىغۇچىلارنىڭ جېنى خۇش
خەۋەردىن بېقىلسۇن[99] دەپ بېكىتكەندۇر.

95 دېمەك، روسۇللار ئۆزلىرى ۋە بالا-چاقىلىرىمۇ جامائەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ھوقۇقلۇقتۇر.
96 «قان.» 4:25.
97 «ئام.» 13:9نى كۆرۈڭ.
98 غەلىتە يېرى شۇكى، بەزىلەر «پاۋلۇس ۋە بارناباس ھەقىقىي روسۇللار ئەمەس، چۈنكى ئۇلار بىزدىن پۇل سوراپ باقمىغان!» دېگەن.
99 «خۇش خەۋەردىن بېقىلسۇن» ــ دېمەك، خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغانلار تەرىپىدىن قامدالسۇن.

15 ئەمما مەن بولسام بۇ هوقۇقلارنىڭ هېچقايسىسىنى ئىشلىتىپ باقمىدىم.
هەم هازىرمۇ مۇشۇ هوقۇقتىن پايدىلىناي دەپ مۇشۇلارنى يېزىۋاتقىنىم يوق! چۈنكى
مەن باشقىلارنىڭ مېنى بۇ پەخرلىنىدىغانلىرىمدىن مەهرۇم قىلغىنىدىن
كۆرە ئۆلگىنىم تۈزۈك![100] 16 چۈنكى مېنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلىشىمدا
پەخرلەنگۈدەك ئىش يوق؛ چۈنكى ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى مېنى بېسىپ تۇرىدۇ؛
خۇش خەۋەرنى جاكارلىمىسام هالىمغا ۋاي! 17 چۈنكى ئەگەر ئۇنى خالىس
قىلسام، بۇنىڭدىن ماڭا ئىنئام بولىدۇ؛ ئەمما ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بولمىسا، بۇ
پەقەت مېنىڭ غوجىدارلىق بۇرچىنى ئادا قىلغىنىم بولىدۇ، خالاس.
18 شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ ئىنئامىم زادى نېمە بولىدۇ؟ مېنىڭ ئىنئامىم
دەل شۇكى، خۇش خەۋەر جاكارلىغىنىمدا مەن خۇش خەۋەرگە كىشىلەرنى
هەقسىز ئېرىشتۈرىمەن ـ دېمەك، ئىنئامىم خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشتىكى
تېگىشلىك هەق ئېلىش هوقۇقلىرىمنى هېچ ئىشلەتمەسلىكىمدىن ئىبارەتتۇر.
19 چۈنكى هەممە ئادەمنىڭ ئىلكىدىن ئەركىن بولۇپ، ئۆزۈمنى كۆپچىلىككە
قۇل قىلدىم؛ شۇ يول بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك ئادەملەرنى قايىل قىلىپ قۇتقۇزسام
دەيمەن. 20 يەهۇدىيلارنى قايىل قىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەهۇدىيلارغا نىسبەتەن
يەهۇدىيغا ئوخشاش بولدۇم؛ تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇرغانلارنى قايىل قىلىپ
قۇتقۇزۇش ئۈچۈن (تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇرغان بولمىساممۇ) تەۋرات قانۇنى
ئاستىدا تۇرغانلارغا نىسبەتەن تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇرغانغا ئوخشاش
بولدۇم؛ 21 تەۋرات قانۇنىدا بولمىغانلارنى[101] قايىل قىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن
تەۋرات قانۇنىدا بولمىغانلارغا نىسبەتەن (خۇدا ئالدىدا قانۇنسىز بولماي، بەلكى
مەسىهنىڭ قانۇنىغا[102] بويسۇنۇشۇم بىلەن) مەن تەۋرات قانۇنىدا بولمىغانلارغا

100 «بۇ پەخرلەنگىنىم» — دەل ئۇنىڭ خۇش خەۋەرنى هېچقانداق ئىنئام-هەدىيەنى قوبۇل قىلماي جاكارلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

101 «تەۋرات قانۇنىدا بولمىغانلار» — دېمەك، يەهۇدىي ئەمەسلەر. ئۇلار تەۋرات قانۇنىنى بىلمەيدۇ ياكى ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغانلاردۇر.

102 «مەسىهنىڭ قانۇنى» — مۇقەددەس روهتا ياشاپ «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن، پۈتۈن جېنىڭ بىلەن ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن» ۋە «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن» دېگەندىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە.

ئوخشاش بولدۇم؛ [22] ئاجىزلارنى[(103)] قايىل قىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاجىزلارغا
ئۆزۈم ئاجىزدەك بولدۇم؛ مۇمكىن قەدەر كۆپرەك ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەن
ھەرقانداق ئادەمگە قارىتا شۇنداق ئادەم بولدۇم. [23] ئۆزۈمنىڭ خۇش خەۋەردىن
نېسىۋەم بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى دەپ ھەممە ئىشنى قىلىمەن.
[24] بەيگىگە چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى يۈگۈرىشىدۇ، ئەمما پەقەت بىرىلا
مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغىننى بىلمەمسىلەر؟ غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن يۈگۈرۈڭلار.
[25] مۇسابىقىدە ئېلىشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن
تىزگىنلەيدۇ؛ ئۇلار پەقەت بىر چىرىپ كېتىدىغان تاجغا ئېرىشىش ئۈچۈن
شۇنداق قىلىدۇ[(104)]، ئەمما بىز بولساق چىرىماس تاج ئۈچۈن شۇنداق قىلىمىز.
[26] شۇڭا مەن نىشانسىز ئادەمدەك يۈگۈرۈۋاتمايمەن؛ مۇشت ئاتسام ھاۋاغا
ئاتىدىغان ئادەمدەك بولمايمەن. [27] ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ئۆز تېنىمنى ئۇرۇپ
ئۆزۈمگە كۆندۈرۈپ، ئۇنى ئۆزۈمگە قۇل قىلىمەن؛ ئۇنداق قىلمىغاندا، باشقىلارغا
تەلىم جاكارلاپ تۇرۇپ ئۆزۈم لاياقەتلىك بولماي قېلىشىم مۇمكىن.

## ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن چىقىپ، چۆل-باياۋاندىن ئۆتكەندىكى ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك

# 10

[1] چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، مەن سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ
ھەممىسىنىڭ بۇلۇت ئاستىدا يۈرگەنلىكىدىن ۋە ھەممىسىنىڭ
دېڭىزدىن ئۆتۈپ ماڭغانلىقىدىن خەۋەرسىز يۈرۈشۈڭلارنى خالىمايمەن؛ [2] ئۇلارنىڭ
ھەممىسى بۇلۇتتا ھەم دېڭىزدا مۇسانىڭ يېتەكچىلىكىگە چۆمۈلدۈرۈلگەن[(105)]؛ [3]
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش روھىي تائامنى يېگەن، [4] ھەممىسى ئوخشاش

---

[103] «ئاجىزلار» — بەلكىم خۇدا توغرىسىدىكى بىلىمنى تونۇپ يەتمىگەنلىكتىن ۋىجدانى ئاسانلا ئازابلىنىدىغان ئېتىقادچىلارنى، ياكى ئېتىقادى كۈچلۈك ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[104] ئەسلىدىكى «ئولىمپىيا»دىكى غالىبلار يوپۇرماق-گۈللەردىن ياسالغان تاجغا ئېرىشەتتى.

[105] مۇشۇ ۋەقەلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن «مىسىردىن چىقىش» 14-بابنى كۆرۈڭ. «مۇسا» مۇسا پەيغەمبەر، ئەلچىۋەتتە. مۇشۇ مۇھىم ئايەت ئۈستىدە ۋە بۇ بابتىكى باشقا مىساللار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

روھىي ئىچىملىكنى ئىچكەن؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئەگىشىپ
يۈرگەن روھىي ئۇيۇلتاشتىن ئىچەتتى (ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ ئۇيۇلتاش مەسىھنىڭ
ئۆزى ئىدى)؛ 5 شۇنداقتىمۇ، خۇدا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن رازى بولمىغانىدى؛
چۈنكى «ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى چۆل-باياۋاندا چېچىلىپ قالغان»[106].
6 ئەمما بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ بېشىغا بىزلەرگە ساۋاق-بېشارەت بولسۇن
ئۈچۈن چۈشكەنىدى؛ بۇنىڭدىن مەقسەت، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ يامان ئىشلارغا
ھەۋەس قىلغىنىدەك ھەۋەس قىلماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر. 7 سىلەر يەنە
ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئوخشاش بۇتقا چوقۇنىدىغانلاردىن بولماڭلار؛ بۇلار
توغرۇلۇق: «خەلق يەپ-ئىچىشكە ئولتۇردى، ئاندىن كەيپ-ساپاغا
تۇردى» دەپ پۈتۈلگەن[107]. 8 بىز يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق
قىلغىنىدەك بۇزۇقچىلىق قىلمايلى؛ چۈنكى شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىن يىگىرمە
ئۈچ مىڭ كىشى بىر كۈندىلا ئۆلدى[108]. 9 يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ
مەسىھنى سىنىغىنىدەك مەسىھنى سىنىمايلى؛ چۈنكى شۇ سەۋەبتىن
ئۇلار يىلانلار چېقىشى بىلەن ھالاك بولدى.[109] 10 يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
ئاغرىنغاندەك ئاغرىنىپ قاقشىماڭلار ــ نەتىجىدە، ئۇلار جان ئالغۇچى
پەرىشتە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.[110] 11 ئەمدى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇلارنىڭ بېشىغا بېشارەتلىك مىساللار سۈپىتىدە[111] چۈشكەن ۋە ئاخىرقى
زامانلار بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بىزلەرنىڭ ئۇلاردىن ساۋاق-ئىبرەت ئېلىشىمىز
ئۈچۈن خاتىرىلەنگەنىدى. 12 شۇنىڭ بىلەن «مەن ئېتىقادتا چىڭ تىرەپ
تۇرماقتىمەن» دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن ھېزى بولسۇن!
13 سىلەر دۇچ كەلگەن سىناقلارنىڭ ھەممىسىگە باشقا ئادەملەرمۇ ئوخشاش

---

106 «چۆل.» 16:14، 32.

107 مۇشۇ يەردىكى «كەيپ-ساپا» بەلكىم بۇتپەرەسلىك ھەم ئۇنىڭغا باغلانغان شەھۋانىيەتنى كۆرسىتىدۇ. «پۈتۈلگەن» — «مۇقەددەس كىتابتا پۈتۈلگەن»، ئەلۋەتتە («مىس.» 6:32).

108 «چۆل.» 1:25-9نى كۆرۈڭ.

109 «چۆل.» 1:21-9نى كۆرۈڭ.

110 «چۆل.» 41:16-50نى كۆرۈڭ.

111 «بېشارەتلىك مىساللار» — «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بۇ باب توغرۇلۇق سۆزلىگىنىمىزدە بۇ توغرۇلۇقمۇ توختىلىمىز.

دۈچ كەلگەن[112]. ۋە خۇدا بولسا ۋەدىسىدە تۇرغۇچىدۇر، ئۇ سىلەرنى
كۆتۈرەلمىگۈدەك سىناقلارغا ئۇچراتمايدۇ، بەلكى سىناق بېشىڭلارغا
چۈشكەندە، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ قۇتۇلۇش يولىنى يارىتىپ
بېرىدۇ؛ سىلەر شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىدىغان بولىسىلەر. 14 شۇ
سەۋەبتىن، سۆيۈملۈكلىرىم، بۇتپەرەسلىكتىن قېچىڭلار!
15 سىلەرنى ئەقىل-ھوشى جايىدا كىشىلەر دەپ قاراپ شۇنى
ئېيتىۋاتىمەن؛ سۆزلىگەنلىرىمنى باھالاپ بېقىڭلار: — 16 بىز بەرىكەتلىك
بولسۇن دەپ تىلىگەن، بەرىكەتلىك جامدىكى شارابنى ئىچكىنىمىز،
مەسىھنىڭ قېنىدىن ئورتاق بەھرىلەنگىنىمىز ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئوشۇتقان
ناننى يېگىنىمىز، مەسىھنىڭ تېنىدىن ئورتاق بەھرىلەنگىنىمىز ئەمەسمۇ؟[113]
17 بىز نۇرغۇن بولساقمۇ بىر نان، بىر تەندۇرمىز؛ چۈنكى ھەممىمىز شۇ بىر
ناندىن نېسىۋە ئالىمىز.[114] 18 جىسمانىي ئىسرائىلغا قاراڭلار؛ قۇربانلىقلارنى
يېگەنلەر قۇربانگاھقا نېسىپداشلار ئەمەسمۇ؟ 19 ئەمدى نېمە دېمەكچىمەن؟
بۇتقا ئاتاپ سۇنۇلغان قۇربانلىقنىڭ بىرەر ئەھمىيىتى بارمىدۇ؟ بۇتنىڭ بىرەر
ئەھمىيىتى بارمىدۇ؟ 20 ياق، بىراق كاپىرلار[115] بۇتلارغا سۇنغان قۇربانلىقلارنى
خۇداغا ئەمەس، بەلكى جىنلارغا ئاتايدۇ. مەن سىلەرنىڭ جىنلار بىلەن ئورتاق
نېسىپداش بولۇشۇڭلارنى خالىمايمەن. 21 رەببىنىڭ جامىدىن ۋە جىنلارنىڭ
جامىدىن تەڭ ئىچكۈچى بولالماسىلەر؛ رەببىنىڭ داستىخىنىغا ۋە
جىنلارنىڭ داستىخىنىغا تەڭ داخىل بولالماسىلەر. 22 رەببىنىڭ ھەسەت-
غەزىپىنى قوزغىماقچىمىزمۇ؟ بىز ئۇنىڭدىن كۈچلۈكمۇ-يا؟

112 ئەينى تېكىستتە: «سىلەر دۈچ كەلگەن سىناقلاردىن ھېچقايسىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەمەس» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

113 «بەرىكەتلىك جام» ۋە «ئوشۇتقان نان» — «رەببىنىڭ زىياپىتى» ياكى «رەببىنىڭ غىزاسى»دىن ئىبارەتتۇر. «رەببىنىڭ زىياپىتى» ۋە «رەببىنىڭ داستىخىنى» توغرۇلۇق 11-باب، 17-34نى كۆرۈڭ.

114 باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «نان بىر بولغاچقا، بىزمۇ بىر تەن بولىمىز؛ چۈنكى ھەممىمىز بىر ناندىن نىسىۋە ئالىمىز».

115 گرېك تىلىدا «تائىپىلەر» ياكى «ئەللەر».

23 «ھەممە نەرسە ھالالدۇر»[116]، ئەمما ھەممە نەرسە پايدىلىق بولۇۋەرمەيدۇ؛
«ھەممە نەرسە ھالالدۇر»، ئەمما ھەممە نەرسە ئادەمنىڭ ئېتىقادىنى قۇرالمايدۇ.
24 ئەمدى ھېچكىم ئۆز مەنپەئەتىنى ئىزدىمىسۇن، بەلكى ئۆزگىلەرنىڭكىنى
ئىزدىسۇن. 25 گۆش بازىرىدا سېتىلغان ھەربىرنەرسىنى ۋىجدانىڭلارنى دەپ
ئولتۇرماي، ھېچنېمىنى سورۇشتە قىلماي يەۋېرىڭلار. 26 چۈنكى «جاھان
ۋە ئۇنىڭغا تولغان ھەممە مەۋجۇداتلار پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر» دەپ
پۈتۈلگەن[117]. 27 ئەمما ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ بىرەرسى سىلەرنى زىياپەتكە
تەكلىپ قىلسا ۋە كۆڭلۈڭلار تارتسا، ئالدىڭلارغا قويۇلغان ھەممىنى ۋىجدانىڭلارنى
دەپ ئولتۇرماي يەۋېرىڭلار؛ 28 ئەمما بىرسى ساڭا: «بۇ بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىق
تائامى» دېسە، ئۇنداقتا ئۇنى يېمە؛ نېمىشقا دېسەڭ، بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتقان
ئادەمنىڭ سەۋەبى ئۈچۈن، شۇنداقلا ۋىجداننىڭ سەۋەبى ئۈچۈندۇر[118]؛ 29مەن
دېگەن ۋىجدان سېنىڭكى ئەمەس، بەلكى ھېلىقى كىشىنىڭ ۋىجدانى؛ مېنىڭ
ئەركىنلىكىمگە باشقىلارنىڭ ۋىجدانى تەرىپىدىن يامان دەپ باھا بېرىلىشىنىڭ
ھاجىتى بارمۇ؟ 30 مەن تەشەككۇر ئېيتىپ يېسەم، تەشەككۇر ئېيتقان نەرسىنى
دۇرۇس يېگىنىم تۈپەيلىدىن يامان دەپ قارىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟[119]
31شۇڭا سىلەر نېمىنى يېسەڭلار، نېمىنى ئىچسەڭلار ياكى ھەرقانداق باشقا
ئىشلارنى قىلساڭلار، ھەممە ئىشلارنى خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈلسۇن
دەپ قىلىڭلار. 32-33 مەن ئۆزۈم ھەممەيلەننى ھەممە ئىشتا مەمنۇن قىلىشقا
ئىنتىلگىنىمدەك، ئۆز مەنپەئەتىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ

116 «ھەممە نەرسە ماڭا ھالالدۇر» بەلكىم كورىنتلىقلار ئىشلىتىۋاتقان ئىنجىلدىكى يېمەك-ئىچمەكلەر توغرۇلۇق تەلىملەرنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتكە يېقىن بولغىنى بىلەن، پاۋلۇس ھازىر ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەكلەر توغرۇلۇق باشقا تەرەپلەردىنمۇ ئويلاش كېرەك، دەپ تەلىم بەرمەكچى.

117 «زەب.» 1:24 ۋە 12:50، 11:89.

118 «بۇ بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىق تائامى» دېگۈچىنىڭ كۆرسەتمەكچى بولغىنى بەلكىم: (1) «سەن ئىشەنگۈچى ئەمەسمۇ، بۇنداق بۇتلارغا چېتىشلىق نەرسىنى يېمەسلىكىڭ كېرەك» ياكى (2) «بۇ ئالاھىدە بۇتلارغا نەزىر قىلىنغان، شۇڭا ئۇنى يېسەڭ، ساڭا ئالاھىدە بەرىكەت بولىدۇ!». «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

119 مۇشۇ مۇھىم پرىنسىپ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

مەنپەئەتى، ئۇلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن ئىنتىلگىنىمدەك، ھېچكىمنىڭ
ئالدىغا ــ يەھۇدىيلار بولسۇن، گرېكلار بولسۇن، خۇدانىڭ جامائىتىدىكىلەر
بولسۇن ئالدىغا پۇتلىكاشاڭ بولماڭلار.

# 11

1 مەن مەسىھنى ئۈلگە قىلغىنىمدەك، سىلەرمۇ مېنى ئۈلگە
قىلىڭلار.

## ئىبادەت قائىدىلىرى

2 ئەمدى سىلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەرىپلەيمەنكى، ئى قېرىنداشلار، ھەممە
ئىشلاردا سىلەر مېنى ئەسلەپ تۇرۇۋاتىسىلەر، مەن سىلەرگە تاپشۇرغىنىمدەك،
كۆرسەتمىلەرنى تۇتۇپ كېلىۋاتىسىلەر. 3 ئەمما مەن سىلەرنىڭ ھەر ئەرنىڭ
بېشى مەسىھدۇر، ئايالنىڭ بېشى ئەردۇر ۋە مەسىھنىڭ بېشى خۇدادۇر دەپ
بىلىشىڭلارنى خالايمەن[120]. 4 شۇڭا، ئىبادەتكە قاتنىشىقاندا، ھەرقانداق ئەر
بېشىغا بىرنەرسە ئارتقان ھالدا دۇئا قىلسا ياكى بېشارەت بەرسە[121]، ئۇ
ئۆز بېشىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ. 5 ئەمما ئىبادەتكە قاتنىشىقاندا،
ھەرقانداق ئايال بېشىغا بىرەر نەرسە ئارتمىغان ھالدا دۇئا قىلسا ياكى بېشارەت
بەرسە، ئۇ ئۆز بېشىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ[122]؛ بۇنداق ئايالنىڭ
چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، رەسۋا قىلىنغان ئايالدىن پەرقى يوقتۇر[123]. 6 ئايال
كىشىنىڭ بېشىغا ئارتقىنى يوق بولسا، چاچلىرى چۈشۈرۈۋېتىلسۇن؛ ئايالغا
نىسبەتەن چاچلىرىنىڭ كېسىۋېتىلىشى ياكى چۈشۈرۈۋېتىلىشى ئۇياتلىق
ئىش بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر ئارتقىنى بولسۇن. 7 چۈنكى ئەر

---

[120] «ئايال (ياكى قىز)نىڭ بېشى ئەردۇر». تويى قىلغاندا ئۇنىڭ بېشى ئۆز ئېرى، ئەلۋەتتە؛ تۇرمۇشقا چىقمىغان بولسا ئۇنىڭ ئاتىسى؛ تەنھا، تۇل ياكى ئاجراشقان قىز-ئاياللار بولسا، ئۇلارنىڭ بېشى (بار بولسا) جامائەتتىكى ئاقساقاللار بولىدۇ.

[121] «بېشارەت بەرسە» ــ «خۇدانىڭ ۋەھىيسىنى يەتكۈزسە»، ياكى «پەيغەمبەرلىك سۆز قىلسا...» دېگەنلىك. «ئۆز بېشىغا ھۆرمەتسىزلىق قىلىدۇ» — دېمەك، مەسىھگە بىھۆرمەتلىك قىلىدۇ.

[122] «ئۆز بېشىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ» — دېمەك، ئۆز ئېرىگە ياكى جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ.

[123] كونا زامانلاردا ئاياللار بۇزۇقچىلىق قىلغان بولسا، ئۇلارنى جازالاش ئۈسۈلى ئايالنى رەسۋا قىلىپ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

كىشى بولسا بېشىنى ياپماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى
ۋە شان-شەرىپىدۇر؛ ئەمما ئايال كىشى بولسا ئەرنىڭ شان-شەرىپىدۇر[124].
[8]چۈنكى ئەر بولسا ئايالدىن ئەمەس، بەلكى ئايال ئەردىندۇر[125]. [9] شۇنىڭدەك
ئەر كىشى ئايال ئۈچۈن ئەمەس، ئايال كىشى ئەر ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر. [10] بۇ
سەۋەبتىن، ھەم پەرىشتىلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئايال كىشى بېشىدا ھوقۇقنىڭ
بەلگىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك[126]. [11] ھالبۇكى، رەبدە ئايال ئەرسىز بولماس
ۋە ئەر ئايالسىز بولماس؛ [12] چۈنكى ئايال ئەردىن چىقىرىلغىنىدەك، ئەر ئايال
ئارقىلىق تۇغۇلىدۇ؛ لېكىن ھەممە ئىش خۇدادىندۇر. [13] ئۆز كۆڭلۈڭلاردا باھا
بېرىڭلار: ئايالларنىڭ بېشىغا بىرنەرسە ئارتماي تۇرۇپ خۇداغا دۇئا قىلىشى
مۇۋاپىقمۇ؟ [14] تەبىئەتنىڭ ئۆزى سىلەرگە ئەر كىشىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى
بولسا ئۇنىڭغا ئۇيات ئىكەنلىكىنى ئۆگەتمىدىمۇ؟ [15] ئەمما ئايال كىشىنىڭ
ئۇزۇن چاچلىرى بولسا، بۇ ئۇنىڭغا شان-شەرەپ بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۇزۇن
چاچلىرى ئۇنىڭغا بىزەك-يېپىنچا بولسۇن دەپ تەقدىم قىلىنغان.
[16] بىرسىنىڭ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلغۇسى بولسا، شۇنى
بىلسۇنكى، بىزلەردە ھەم خۇدانىڭ جامائەتلىرىدىمۇ شۇلاردىن باشقا ھېچ
قائىدىلەر يوقتۇر.

## رەبنىڭ داستىخىنى توغرۇلۇق

[17] ئەمما ھازىر دېمەكچى بولغان ئىش، يەنى سىلەر يىغىلغان سورۇنلارغا
كەلسەك، ئۇنىڭدا سىلەرنى تەرىپلىمەيمەن؛ چۈنكى يىغىلىنىڭلارنىڭ

---

[124] بۇ ئايەتتىن (ۋە شۇنداقلا 4-6-ئايەتلەردىن) پاۋلۇسنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋاللار ئەمەس، بەلكى ئىبادەت سورۇنلىرى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرىدۇ؛ بۇ ئۇنىڭ ئەرلەرگە تالاغا چىققاندا ھەرقانداق بۆكلەرنى كىيىشنى مەنئىي قىلغىنى ئەمەس! ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ئاياللارنىڭ تالادا يۆرگەندە رومال-ياغلىق ئارتىش-ئارتماسلىقى توغرىسىدىمۇ گەپ يوق.

[125] ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا ھاۋا ئانىمىزنى ئادەمئاتىمىزنىڭ تېنىدىن قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ ياسىغان. «يار.» 2-بابنى كۆرۈڭ.

[126] «پەرىشتىلەرنىڭ سەۋەبىدىن» — «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. بىز بۇ ئايەتلەر (1-16)نى تەپسىلىي ھالدا شەرھلەيمىز.

نەتىجىسى پايدىلىق ئەمەس، بەلكى زىيانلىق بولۇۋاتىدۇ. 18 چۈنكى بىرىنچىدىن، سىلەر جامائەتتە يىغىلغىنىڭلاردا، ئاراڭلاردا گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈشلەر بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم؛ بۇ گەپكە قىسمەن ئىشەندىم. 19 ئاراڭلاردا بۆلۈنۈشلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاراڭلاردا كىمنىڭ لاياقەتلىك بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولمايتتى[127].

20 سىلەر بىر يەرگە جەم بولغىنىڭلاردا، سىلەر ھەقىقەتەن «رەبنىڭ زىياپىتى»دىن يېمەيسىلەر. 21 چۈنكى يېگىنىڭلاردا ھەربىرىڭلار باشقىلارنىڭ يېيىشىنى كۈتمەيلا ئۆزۈڭلار ئېلىپ كەلگەن غىزانى يەۋېرىسىلەر-دە، بىرسى ئاچ قالىدۇ، يەنە بىرسى مەست بولۇپ كېتىدۇ[128]. 22 يەپ-ئىچىشكە ئۆز ئۆيلىرىڭلار يوقمۇ؟ خۇدانىڭ جامائىتىنى كۆزگە ئىلماي، يوقسۇللارنى خىجالەتكە قويماقچىمۇسىلەر؟[129] سىلەرگە نېمە دېسەم بولار؟ سىلەرنى تەرىپلەمدىمەن؟ ياق، سىلەرنى تەرىپلىمەيمەن.

23 چۈنكى مەن سىلەرگە رەبنىڭ زىياپىتى توغرۇلۇق يەتكۈزگەنلىرىمنى ئۆزۈم رەبدىن تاپشۇرۇۋالغانمەن: دېمەك، رەب ئەيساغا ساتقۇنلۇق قىلىنغان كېچىدە

---

127 «ئاراڭلاردا بۆلۈنۈشلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» — ئاز بولمىغان ئالىملار پاۋلۇسنىڭ بۇ جۈملىسى كىنايىلىك، كورىنتلىقلارنى تەنقىد قىلىدىغان ئالاھىدە سۆزلەر، دەپ قارايدۇ. بىزمۇ مۇشۇ كۆزقاراشقا مايىلمىز؛ چۈنكى ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان باشقا جامائەتلەر ئارىسىدا ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىدى؛ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بىرلىكى خېلى كۈچلۈك ئىدى (مەسىلەن، فىلىپپى شەھىرىدىكى جامائەتتە).

قانداقلا بولمىسۇن، مەلۇم جامائەتتىكى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كورىنت جامائەتتەك «روھقا تەۋە» ئەمەس، بەلكى «ئەتكە تەۋە»، «ئەتىقادتا بوۋاقلار» بولسا، ئۇنداقتا «بۆلۈنۈشلەر» پەيدا بېولماي قالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھەقىقەتەن رەبنىڭ يولىنى ئىزدىگۈچىلەرگە كۆپرەك بېسىم بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھتا ئۆستۈرۈلۈشىگە مۇھىم بىر تۈرتكە بولىدۇ.

128 روسۇلنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، كورىنت ئېتىقادچىلار جامائىتىنىڭ يىغىنلىرىدا پات-پات «ئورتاق زىياپەت»نى تۇتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «رەبنىڭ زىياپىتى»نى يېيەتتى («يەھ.» 12نى كۆرۈڭ). لېكىن باي قېرىنداشلار ئۆز مول تاماقلىرى ئالغاچ ئۆزىنىڭ بايلىقلىرىنى كۆز-كۆز قىلىپ كۆرستەتتى، باشقا كەمبەغەل قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلاشمايتتى. «زىياپەت» قالايمىقان بولغاچقا، «رەبنىڭ زىياپىتى»نىڭ ئۆزى كۆزگە ئىلىنماي بولۇپ قېلىپ، رەبنىڭ نامىغا نومۇس كەلتۈرگەنىدى.

129 بەزى ئېتىقادچىلار جەم بولۇپ ئولتۇرغان سورۇنلاردا كۆپ غىزالارنى ئېلىپ كېلىپ يېسە، غىزاسىز قېرىنداشلىرى ئەلۋەتتە خىجىل بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ قولىغا نان ئېلىپ، [24] تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنى ئوشتۇپ: «مانا، سىلەرگە ئاتالغان مېنىڭ تېنىم؛ بۇنى مېنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىڭلار» ــ دېدى. [25] شۇنىڭدەك، غىزادىن كېيىن ئۇ جامنى قولىغا ئېلىپ: «مانا، بۇ جامدىكى شاراب قېنىمدا بولغان «يېڭى ئەھدە»دۇر[130]؛ ھەر قېتىم بۇنىڭدىن ئىچكىنىڭلاردا، مېنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىڭلار» ــ دېدى. [26] چۈنكى سىلەر ھەر قېتىم بۇ ناندىن يېگەن، بۇ جامدىن ئىچكەن بولساڭلار، تاكى ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگىچە سىلەر رەببىنىڭ ئۆلۈمىنى جاكارلىغان بولىسىلەر. [27] شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمكى لاياقەتسىز ھالدا بۇ ناننى يېسە ياكى رەببىنىڭ جامىدىن ئىچسە، رەببىنىڭ تېنى ھەم قېنىغا نىسبەتەن گۇناھكار بولىدۇ. [28] شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىرسى بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن ناندىن يېسۇن، جامدىن ئىچسۇن. [29] چۈنكى رەببىنىڭ تېنىنى پەرق ئەتمەي تۇرۇپ[131] يېگۈچى ۋە ئىچكۈچى ھەركىم ئۆزىگە ھۆكۈم-جازانى يەتكۈزۈپ يەپ-ئىچىدۇ. [30] بۇ سەۋەبتىن ئاراڭلاردىكى نۇرغۇن ئادەملەر زەئىپلىشىپ كېسەل بولدى، ھەتتا خېلى بىر قىسمى ئۆلۈمدە ئۇخلاپ قالدى[132]. [31] لېكىن ئەگەر ئۆز ئۈستىمىزنى تەكشۈرۈپ ھۆكۈم چىقارغان بولساق، بېشىمىزغا رەببىنىڭ ھۆكۈم-جازاسى چۈشۈرۈلمەيدىغان بولىدۇ. [32] ئەمما گەرچە ئۈستىمىزگە رەب تەرىپىدىن ھۆكۈم-جازالار چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ بىزگە چۈشۈرگەن «تەربىيە جازاسى»دۇر؛ بۇنىڭدىن مەقسەت، بىزنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بىرلىكتە ھالاكەتكە ھۆكۈم قىلىنماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر. [33] شۇڭا، ئى قېرىنداشلار، رەببىنىڭ زىياپىتىدە يېيىشكە جەم بولغىنىڭلاردا، ھەممەيلەن تولۇق كەلگۈچە بىر-بىرىڭلارنى كۈتۈڭلار. [34] بىرسى

---

[130] «يېڭى ئەھدە» تەۋرات، «يەر.» 31:31-34دە بېشارەت بېرىلگەن.

[131] «رەببىنىڭ تېنىنى پەرق ئەتمەسلىك» — بۇنىڭ بەلكىم ئىككى خىل تەرەپلىمىسى بولۇشى مۇمكىن: (1) ئۆزىنى «مەن رەببىنىڭ تېنىدىكى بىر ئەزا، باشقا قېرىنداشلارمۇ شۇنداق» دەپ بىلىپ يەتمەي، «رەببىنىڭ تېنى»دىكى قېرىنداشلارنى كۆزگە ئىلماسلىق (21-22-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ)؛ (2) «رەببىنىڭ زىياپىتى رەببىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن قۇربان قىلغان تېنىنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ بىلىپ يەتمەسلىك.

[132] «ئۇخلاپ قالدى» دېگەن سۆز ئۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىنجىل بويىچە ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن ئۆلۈش پەقەت ۋاقىتلىق ئۇخلاش، خالاس.

ئاچ قورساق بولسا ئاۋۋال ئۆيىدە يەپ كەلسۇن؛ شۇنداق قىلىپ سىلەرنىڭ جەم بولۇشۇڭلار ئۆزۈڭلارغا ھۆكۈم-جازا يەتكۈزمەيدىغان بولىدۇ. قالغان باشقا مەسىلىلەرنى بولسا، مەن بارغىنىمدا تەرتىپكە سالىمەن.

## روھىي ئىلتىپاتلار

# 12

[1] ئەمما ئى قېرىنداشلار، روھىي ئىلتىپاتلارغا[133] كەلسەك، سىلەرنىڭ ئۇلار توغرۇلۇق بىلمەي قېلىشىڭلارنى خالىمايمەن.
[2]سىلەر تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا بولغان ۋاقتىڭلاردا ھەرخىل يوللارغا باشلىنىپ، گاس-گاچا بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئازدۇرۇلۇپ كەتكىنىڭلارنى بىلىسىلەر. [3] شۇڭا مەن سىلەرگە ئۇقتۇرىمەنكى، ھېچكىم خۇدانىڭ روھىدا تۇرۇپ: «ئەيساغا لەنەت!» دېمەيدۇ ۋە ھەرقانداق بىرى مۇقەددەس روھتا بولماي تۇرۇپ «ئەيسا رەبدۇر!» دەپ ئېيتالمايدۇ. [4] ئەمما ئىلتىپاتلار خىلمۇخىل، لېكىن روھ[134] بولسا بىردۇر. [5] خىزمەتلەر بولسا ھەرخىل، ئەمما بىز خىزمىتىنى قىلىدىغان رەب بىردۇر. [6] ئىشلەش يوللىرى ھەرخىل، ئەمما ھەممەيلەندە ھەممە ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى خۇدا بىردۇر. [7] ئەمما ھەممەيلەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەربىرىگە روھنىڭ نامايان بولۇشى بېغىشلىنىدۇ. [8] چۈنكى روھ ئارقىلىق بىرىگە دانالىق يەتكۈزگۈچى سۆز[135]، يەنە بىرىگە شۇ ئوخشاش روھ ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزگۈچى سۆز تەقسىم قىلىنىدۇ؛ [9] يەنە ئوخشاش روھ ئارقىلىق باشقا بىرىگە ئالاھىدە ئىشەنچ، يەنە بىرىگە ئوخشاش روھ ئارقىلىق كېسەللەرنى ساقايتىش ئىلتىپاتلىرى[136]، [10] بىراۋغا مۆجىزىلەرنى يارىتىش تەقسىم قىلىنىدۇ؛ بىراۋغا ۋەھىي-بېشارەت بېرىش[137]؛ بىراۋغا ھەرخىل روھلارنى پەرق ئېتىش، بىراۋغا

[133] «روھىي ئىلتىپاتلار» — مۇقەددەس روھ ئاتا قىلغان، مۇشۇ بابتا «تەبىئەتتىن تاشقىرى» مۆجىزىلىك قابىلىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.
[134] «روھ» — خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھ.
[135] بۇنىڭ ۋە تۆۋەندىكى سەككىز «روھىي ئىلتىپات» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
[136] گرېك تىلىدا «ساقايتىشلارنىڭ ئىلتىپاتلىرى» — دېمەك، مۇقەددەس روھنىڭ مۆجىزىلىك ساقايتىش يوللىرى بىرخىللا ئەمەس.
[137] گرېك تىلىدا: «پەيغەمبەرلىك سۆز قىلىش». «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

نامەلۇم تىللاردا سۆزلەش، يەنە بىراۋغا نامەلۇم تىللارنى تەرجىمە قىلىش ئىلتىپاتى تەقسىم قىلىنىدۇ. [11] ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يۈرگۈزگۈچى ئوخشاش شۇ بىر روھتۇر، ئۇ ھەربىرىگە ئۆزى لايىق كۆرۈپ، ئايرىم-ئايرىم تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

[12] چۈنكى ئىنسانىي تەن بىر بولسىمۇ نۇرغۇن ئەزالىرى بولغىنىدەك، شۇنداقلا ئەزالىرى نۇرغۇن بولسىمۇ ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر تەن بولغاندەك، مەسىھ ئۆزىمۇ ھەم شۇنداقتۇر. [13] چۈنكى ھەممىمىز، مەيلى يەھۇدىيلار بولساقمۇ، گرېكلەر بولساقمۇ، قۇللار بولساقمۇ، ھۆرلەر بولساقمۇ، بىر روھتا بىر تەنگە كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلدۇق ۋە بىر روھتىن ئىچىشكە نېسىپ قىلىندۇق. [14] چۈنكى تەن بىرلا ئەزادىن ئەمەس، بەلكى كۆپ ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ. [15] ئەگەر پۇت: «مەن قول بولمىغىنىم ئۈچۈن مەن تەنگە تەۋە ئەمەسمەن» دېسىلا، ئۇنداقتا ئۇ ھەقىقەتەن تەنگە تەۋە ئەمەس بولامدۇ؟ [16] قۇلاق: «مەن كۆز ئەمەس، شۇڭا مەن تەنگە تەۋە ئەمەسمەن» دېسىلا، ئۇنداقتا ئۇ ھەقىقەتەن تەنگە تەۋە ئەمەس بولامدۇ؟ [17] پۈتۈن تەن كۆزلا بولسا، ئۇنداقتا ئاڭلاش سېزىمىمىز نەدىن بولىدۇ؟ پۈتۈن تەن قۇلاقلا بولسا، ئۇنداقتا پۇراش سېزىمىمىز نەدىن بولىدۇ؟ [18] ھالبۇكى، خۇدا ئۆزىگە لايىق كۆرگەن تەن ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىنى ئايرىم-ئايرىم ئۆز جايىغا ئورۇنلاشتۇرغان؛ [19] ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەزا بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى قانداقمۇ تەن دېگىلى بولاتتى؟ [20] ئەمدىلىكتە ئەزالار كۆپ، تەن بولسا بىردۇر. [21] كۆز قولغا: «مېنىڭ ساڭا ئېھتىياجىم چۈشمەيدۇ!» دېيەلمەيدۇ؛ ياكى باش بولسا پۇتلارغا: «مېنىڭ سىلەرگە ئېھتىياجىم چۈشمەيدۇ!» دېيەلمەيدۇ. [22] دەل ئەكسىچە، تەندىكى ئاجىز-ئەرزىمەس دەپ كۆرۈنگەن ئەزالار كەم بولسا بولمايدۇ؛ [23] ۋە ھەم تەندىكى بىز ئېتىۋارسىز دەپ ھېسابلىغان ئەزالارغا بولسا، تېخىمۇ كۆپرەك ئېتىۋار قىلىمىز؛ شۇنداقلا ئىسكەتسىز دەپ قارالغان ئەزالىرىمىز تېخىمۇ ئىسكەتلىك قىلىنىدۇ؛[24] ئەسلىدە يارىشىملىق بولغان ئەزالىرىمىزغا بولسا شۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما خۇدا پۈتۈن تەننى شۇنداق بىرلەشتۈرگەنكى، ئۇ ئېتىۋارسىز دەپ ھېسابلانغان ئەزالارغا تېخىمۇ كۆپ ئېتىۋار بېرىدۇ. [25] بۇنىڭدىن مەقسەت تەندە ھېچ بۆلۈنۈشلەر بولماسلىقى، بەلكى بارلىق ئەزالار ئۆزئارا ئوخشاش كۆيۈمچانلىقتا بولۇشى

ئۇچۇندۇر. [26] بىر ئەزا جاپا-دەرد تارتسا، بارلىق ئەزالار ئۇنىڭ بىلەن تەڭ جاپا-دەرد تارتىدۇ؛ بىر ئەزاغا شەرەپ كەلسە، بارلىق ئەزالار ئۇنىڭ بىلەن تەڭ شادلىنىدۇ.

[27] ئەمدى سىلەر مەسىھنىڭ تېنىدۇرسىلەر، ھەربىرىڭلار ئۇنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئەزاسىدۇرسىلەر. [28] خۇدا جامائەتتە مۇشۇنداقلارنى ئورۇنلاشتۇرغان: - ئاۋۋال روسۇللارنى، ئاندىن پەيغەمبەرلەرنى(138)، ئۈچىنچى بولۇپ تەلىم بەرگۈچىلەرنى؛ ئاندىن مۆجىزە كۆرسەتكۈچىلەرنى، ئاندىن تۈرلۈك كېسەللەرنى ساقايتىش ئىلتىپاتلىرىغا ئىگە بولغانلارنى، ياردەم بەرگۈچىلەرنى، يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنى، ھەرخىل نامەلۇم تىللاردا(139) سۆزلەيدىغانلارنى تەيىنلەپ ئورۇنلاشتۇرغاندۇر. [29] ھەممەيلەن روسۇلمۇ؟ ھەممەيلەن پەيغەمبەرمۇ؟ ھەممەيلەن تەلىم بەرگۈچىمۇ؟ ھەممەيلەن مۆجىزە كۆرسەتكۈچىمۇ؟ [30]ھەممەيلەندە ساقايتىش ئىلتىپاتلىرى بارمۇ؟ ھەممەيلەن نامەلۇم تىللاردا سۆزلەمدۇ؟ ھەممەيلەن نامەلۇم تىللارنى تەرجىمە قىلالامدۇ؟ [31] ئەمما سىلەر چوڭراق ئىلتىپاتلارنى تەقەززا بولۇپ قوغلاشقىلار؛ ھالبۇكى، مەن ھازىر سىلەرگە ھەممىدىن ئەۋزەل بىر يولنى كۆرسىتىپ بېرەي.

## مېھىر-مۇھەببەت ھەممىدىن ئۇلۇغ

13

[1] مەن ئەگەردە بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر سۆزلەۋاتقان ھەرخىل تىللار ھەتتا پەرىشتىلەرنىڭ تىللىرى بىلەنمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بولساممۇ(140)، بىراق مەن مېھىر-مۇھەببەتسىز بولسام، ئۇ چاغدا مەن پەقەت

[138] «تەۋرات دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر» ۋە «ئىنجىل دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر» توغرۇلۇق قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

[139] «نامەلۇم تىللار» — «روھىي تىللار» دېيمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ تىللارنى خۇدانىڭ روھى ئىنسانىنىڭ روھىغا تاپشۇرىدۇ؛ بەزى ۋاقىتلاردا بىز ئۇلارنى «كارامەت تىل»، «ناتونۇش تىل»، «غەيرىي تىل» دېيمۇ ئاتايمىز، چۈنكى بۇ تىل سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا چۈشىنىشلىك ئەمەس؛ «تەبىئەتتىن تاشقىرى» بولغان بۇ خىل تىلنى «دۇئا تىلى» دەپ تەرىپلىسەكمۇ بولىدۇ.

[140] دېمەك، «شۇنداق ئىنتايىن كۈچلۈك روھىي ئىلتىپات مەندە بولسىمۇ،...». بۇ ئايەتتىن يەنە شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەن ھەربىر «نامەلۇم تىل» ئەمەلىيەتتە

بىر «داڭ-داڭ» قىلىدىغان مىس داڭ، بىر «چاڭ-چاڭ» قىلىدىغان چاڭ
بولۇپ قالىمەن، خالاس. 2 ئەگەر مەن پەيغەمبەرلىك قىلالىسام، بارلىق سىرلار،
بارلىق بىلىملەرنى چۈشىنىپ بولغان بولساممۇ، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
تاغلارنى يۆتكىيەلىگۈدەك تولۇق ئىشەنچتە بولسامۇ، ئەمما مەندە مېھىر-
مۇھەببەت بولمىسا، ئۇنداقتا مەن ھېچنەرسە بولمىغان بولىمەن. 3 ئەگەر
بارلىق مال-مۈلكۈمنى سەدىقىگە ئاتاپ ھەم تېنىمنى خۇدانىڭ يولىدا قۇربانلىق
سۈپىتىدە كۆيدۈرۈلۈشكە سۇنغان تەغدىردىمۇ، ئەمما مەندە يەنىلا مېھىر-
مۇھەببەت بولمىسا، ئۇنداقتا مېنىڭ ھېچقانداق پايدام يوق بولغان بولىدۇ.
4 مۇھەببەت سەۋر-تاقەتلىك بولۇش ھەم مېھرىبانلىقتۇر
مۇھەببەت ھەسەتخورلۇق قىلمايدۇ؛
مۇھەببەت ئۆزىنى ماختىمايدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ،
5 نومۇسسىزلىق قىلمايدۇ،
ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يۈرمەيدۇ،
تېرىكتۈرۈلمەيدۇ،
كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ؛
6 ھەققانىيسىزلىقتىن خۇشال بولمايدۇ،
بەلكى ئەمەلىيەتتىن، ھەقىقەتتىن خۇشال بولىدۇ؛
7 ھەممە ئىشتا قورسىقى كەڭلىك قىلىدۇ[141]، ھەممىگە يۈزلىنىپ خۇداغا
ئىشىنىدۇ، ھەممە ئىشقا ئۈمىد باغلايدۇ، ھەممىگە چىدايدۇ.
8 مېھىر-مۇھەببەت ھەرگىز ئاخىرلاشمايدۇ. بېشارەتلەر بولسا، كارغا
كەلمەيدۇ؛ «نامەلۇم تىللار» بولسا، توختايدۇ؛ مۆجىزىلىك بىلىملەرمۇ
كارغا كەلمەيدۇ. 9 چۈنكى بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز قىسمەن، بېشارەت
بېرىدىغانلىرىمىز قىسمەن؛ 10 لېكىن مۇكەممەللىك كەلگەندە، قىسمەنلىك
يوقىلىدۇ. 11 مەن كىچىكىمدە بالىلارچە سۆزلىدىم، بالىلارچە ئويلىدىم،
بالىلارچە ھېسابلىدىم؛ چوڭ بولغىنىمدا، مەن بالىلىقنى تاشلىدىم. 12 چۈنكى

دۇنيادىكى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تىلى ياكى پەرىشتىلەرنىڭ تىلىدۇر.
141 ياكى «ھەممە ئىشنى ياپىدۇ» — دېمەك، مۇمكىن بولسا باشقىلارنىڭ سەۋەنلىك-گۇناھلىرىنى
چېتقا يايمايدۇ.

بىز ھازىر بىر تۇتۇق دېرىزىدىن مۇجمەل ھالدا كۆرىمىز، لېكىن شۇ چاغدا يۈزمۇيۈز كۆرىمىز: ھازىر مەن قىسمەن تونۇيمەن، شۇ چاغدا مەن خۇدا مېنى تونۇپ كېلىۋاتقاندەك تونۇيمەن.
13 ھازىر ئىشەنچ، ئۈمىد، مېھىر-مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەرسە تۇرۇپتۇ؛ بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغىنى مېھىر-مۇھەببەتتۇر.

## «روھىي ئىلتىپاتلار»دىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك

14

1 مېھىر-مۇھەببەتكە ئىنتىلىپ ئۇنى قوغلىشىڭلار ۋە ھەم روھىي ئىلتىپاتلارغا، بولۇپمۇ بېشارەت بېرىشكە[142] ئىنتىزار بولۇڭلار. 2 چۈنكى نامەلۇم تىلدا سۆزلەيدىغان كىشى ئادەملەرگە ئەمەس، بەلكى خۇداغا سۆزلەيدۇ؛ ئاڭلىغۇچىلاردىن ھېچكىم ئۇنى چۈشەنمەيدۇ، ئەمما ئۇ روھتا سىرلىق ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. 3 لېكىن بېشارەت بېرىدىغان كىشى بولسا ئادەملەرنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇشقا، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ۋە تەسەللى بېرىشكە سۆزلەيدۇ. 4 نامەلۇم تىلدا سۆزلىگۈچى ئۆز روھىنى قۇرىدۇ[143]؛ ئەمما بېشارەت بەرگۈچى جامائەتنىڭ ئېتىقادىنى قۇرىدۇ. 5 ئەمدىلىكتە مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ نامەلۇم تىللاردا سۆزلىيەلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، لېكىن بېشارەت بېرىشىڭلارنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. نامەلۇم تىلدا سۆزلىگۈچى سۆزىنى تەرجىمە قىلمىسا، جامائەتنىڭ ئېتىقاد قۇرۇلۇشىدا بېشارەت بەرگۈچى ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ بولىدۇ.
6 قېرىنداشلار، مەن يېنىڭلارغا كېلىپ، نامەلۇم تىللاردىلا سۆزلىگىنىم بىلەن مەلۇم ۋەھىي، بىلىم، بېشارەت ياكى تەلىمنى يەتكۈزمىسەم[144]، مەن سىلەرگە

142 «بېشارەت بېرىش» گرېك تىلىدا «پەيغەمبەرلىك سۆز قىلىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «تەۋرات دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر» ۋە «ئىنجىل دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر» توغرۇلۇق قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

143 گرېك تىلىدا «ئۆزىنى قۇرىدۇ». 14-ئايەتنى كۆرۈڭ.

144 «ۋەھىي، بىلىم، بېشارەت ياكى تەلىم» چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن يەتكۈزۈلۈشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

نېمە پايدا تەگكۈزىمەن؟ [7] ھەتتا ئاۋاز چىقىرالايدىغان جانسىز نەرسىلەر، مەيلى نەي بولسۇن، چىلتار بولسۇن شۇنداق: ئۇلارنىڭ ئاھاڭلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقى بولمىسا، ئۇلاردا چېلىنغان پەدە قانداقمۇ پەرق ئېتىلسۇن؟ [8] جەڭ كانىيىمۇ بەلگىلىك بىر ئاھاڭدا چېلىنمىسا، كىم جەڭگە ھازىرلانسۇن؟ [9] شۇنىڭدەك سىلەر تىلدا ئېنىق چۈشىنەلىگۈدەك سۆز قىلمىساڭلار، نېمە دېمەكچى بولغىنىڭلارنى كىم چۈشىنەلەيدۇ؟ سىلەر ھاۋاغا گەپ قىلغاندەك بولىسىلەر. [10] جاھاندا، شۈبھىسىزكى، خىلمۇخىل تىل-ئاۋازلار بار ۋە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەنىسىز ئەمەس؛ [11] ئەگەر ئەمدى مەن مەلۇم ئاۋاز-تىلنىڭ مەنىسىنى بىلمىسەم، مەن سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن يات ۋە ئۇ ماڭا نىسبەتەن يات بولىدۇ. [12] ئەھۋال سىلەردىمۇ شۇنداق. شۇڭا، سىلەر روھىي ئىلتىپاتلارغا قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلگەنىكەنسىلەر، جامائەتنىڭ ئېتىقادىنى قۇرىدىغان ئىلتىپاتلارغا باي بولۇشقا ئىنتىلىڭلار. [13] شۇڭا، نامەلۇم تىلدا سۆزلەيدىغان كىشى سۆزلىگەنلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بېرەلەيدىغان بولسام دەپ دۇئا قىلسۇن. [14] چۈنكى نامەلۇم تىلدا دۇئا قىلغىنىمدا، روھىم دۇئا قىلىدۇ، لېكىن ئەقىل-ئىدراكىمدىن بولسا مېۋە چىقمايدۇ.

[15] ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن بەزىدە روھىم بىلەن دۇئا قىلىمەن، ھەم بەزىدە ئەقىل-ئىدراكىم بىلەنمۇ دۇئا قىلىمەن؛ مەن بەزىدە روھىم بىلەن مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن، ھەم بەزىدە ئەقىل-ئىدراكىم بىلەنمۇ مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن؛ [16] بولمىسا، پەقەت روھىڭ بىلەنلا مەدھىيە ئوقۇساڭ، ئىشلەتكەن تىلىڭنى بىلمىگەنلەرنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغۇچى تەشەككۈرۈڭگە قانداقمۇ «ئامىن» دېيەلىسۇن؟ چۈنكى ئۇ ئېيتقىنىڭنى چۈشەنمەيدۇ. [17] سەن دەرھەقىقەت تەشەككۈرنى ياخشى ئېيتىسەن، ئەمما يېنىڭدىكى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېتىقادى قۇرۇلغىنى يوق. [18] مەن بۇنداق نامەلۇم تىللاردا شەخسەن ھەممىڭلاردىن كۆپ سۆزلەيدىغانلىقىم ئۈچۈن خۇداغا تەشەككۈر ئېيتىمەن؛ [19] ھالبۇكى، جامائەتتە بولغاندا، نامەلۇم تىلدا تۈمەن ئېغىز سۆزلىگىنىمدىن كۆرە، باشقىلارغا تەلىم-تەربىيە

بىرەلگۇدەك چۈشەنسىلىك[145] سۆزدىن بەش ئېغىزلا سۆزلىيەلىسەم دەيمەن.
[20] قېرىنداشلار، ئەقىل-ھوشۇڭلاردا بالا بولماڭلار؛ يامانلىق جەھەتتە بوۋاق بولۇڭلار، ئەمما ئەقىل-ھوشۇڭلاردا پىشقەدەم بولۇڭلار.
[21] تەۋراتتا: «چەت تىللىقلارنىڭ سۆزى ۋە يات ئادەملەرنىڭ لەۋلىرى ئارقىلىق مەن مۇشۇ خەلققە گەپ قىلىمەن؛ لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ماڭا قۇلاق سالمايدۇ ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار» دەپ پۈتۈلگەندۇر[146]. [22] شۇڭا «نامەلۇم تىللار» بولسا بىر ئالامەت بەلگىدۇر؛ ئېتىقادچىلارغا ئەمەس، بەلكى ئېتىقادسىزلارغا ئالامەت بەلگىدۇر؛ ۋەھىي-بېشارەتلەر بولسا، ئېتىقادسىزلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېتىقادچىلار ئۈچۈن بولىدۇ. [23] شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل جامائەت بىر يەردە جەم بولغاندا، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا بۇنداق نامەلۇم تىللاردا سۆزلەۋەرسە ۋە ساددا ياكى ئېتىقادسىز كىشىلەر كىرىپ قالسا، ئۇلار ھەممىڭلارنى ساراڭ بولۇپ قاپسىلەر دېيىشمەمدۇ؟ [24] ئەمما ھەممىڭلار ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزسەڭلار، ئېتىقادسىز ياكى ساددا كىشى ئاراڭلارغا كىرىپ قالسا، ھەممىڭلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا تەنبىھ بېرىلىدۇ، ھەممىڭلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكى كۆرستىلىدۇ؛ [25] قەلبىدىكى سىرلار ئاشكارە قىلىنغاندا، ئۇ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ: ـ «خۇدا ھەقىقەتەن ئاراڭلاردىدۇر» دەپ خۇداغا سەجدە قىلىدۇ[147].

## جامائەت ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر

[26] ئەمدى قېرىنداشلار، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ سىلەر بىر يەرگە جەم بولغىنىڭلاردا، ھەربىرىڭلاردا بىر ئىلتىپات بولىدۇ؛ بىرىسىدە مەدھىيە ناخشىسى، بىرىسىدە تەلىم، بىرىسىدە نامەلۇم تىل، بىرىسىدە ۋەھىي، بىرىسىدە نامەلۇم

---

145 گرېك تىلىدا «چۈشىنىشلىك» «زېھنىم بىلەن (سۆزلىنىدىغان)» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
146 «يەش.» 28:11-12.
147 «نامەلۇم تىللار» ۋە «ۋەھىي-بېشارەتلەر»نىڭ «ئالامەت بەلگە» بولۇشى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

تىلنىڭ يېشىمى بولىدۇ. ھەممە ئىشلار ئېتىقادنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بولسۇن.
27 نامەلۇم تىلدا سۆزلىگۈچىلەر بولۇپ قالسا، ئىككىسى ياكى ئەڭ كۆپ بولغاندا
ئۈچى نۆۋەت بىلەن سۆزلىسۇن ۋە بىرسى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۆرىسۇن.
28 ئەمما جامائەتتە ئۆرىگۈچى بولمىسا، ئۇ سۈكۈت قىلسۇن؛ ئۆز-ئۆزىگە ۋە
خۇداغا ئېيتسۇن. 29 ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزگۈچىلەر بولسا، ئىككى-ئۈچى
سۆزلىسۇن؛ قالغانلار گەپلىرىنىڭ ۋەزنىنى دىتلاپ تۇرسۇن؛ 30 ئەمما ئولتۇرغانلار
ئارىسىدىن باشقا بىر كىشىگە مەلۇم بىر ۋەھىي بېرىلسە، سۆزلەۋاتقان كىشى
سۆزىنى توختىتىپ نۆۋەتنى ئۇنىڭغا بەرسۇن. 31 چۈنكى ھەممىڭلار بىر-بىرلەپ
ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزسەڭلار بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئۆگىنىدۇ،
ھەممەيلەن رىغبەتلىنىدۇ. 32 پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز روھلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ
ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ[148]. 33 چۈنكى خۇدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغۇچى
ئەمەس، بەلكى تىنچ-خاتىرجەملىك بەرگۈچىدۇر. بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ
جامائەتلىرىدە شۇنداق تەرتىپ بار.
34 ئاراڭلاردىكى ئاياللار جامائەتلەردە سۈكۈتتە ئولتۇرسۇن؛ ئۇلارنىڭ
سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغان؛ تەۋرات قانۇنىدا بەلگىلەنگەندەك، ئۇلار
تەرتىپكە بويسۇنسۇن[149]. 35 ئەمما ئۇلار مەلۇم ئىشنى بىلمەكچى بولسا، ئۆيدە
ئۆز ئەرلىرىدىن سورىسۇن؛ ئايالنىڭ جامائەتتە سۆزلىشى ئۇياتلىق ئىشتۇر[150].
36 خۇدانىڭ سۆز-كالامى سىلەردىن باشلانغانمۇ؟! ياكى يالغۇز سىلەرگىلا
يېتىپ كەلگەنمۇ؟! 37 بىرسى ئۆزىنى ۋەھىي-بېشارەتچى ياكى روھىي كىشى
دەپ سانىسا، ئۇ سىلەرگە ھازىر يازغان بۇ سۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن رەبنىڭ

148 بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر سۆز. دېمەك، مۇقەددەس روھ مۇقەددەس روھ ھەرقانداق روھىي ئىلتىپاتلارنى يەتكۈزگەندە، ئۇ ھەرگىز ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلغۇچى كىشىنى ئۇنى دەرھال بىئختىيار ھالدا ئىپادىلەشكە مەجبۇرلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزىدىغان كىشىلەر بىر-بىرىنى كۈتۈپ نۆۋەت بىلەن سۆزلىسە بولىدۇ.

149 بۇ يولىيورۇق قىز-ئاياللار پۈتۈنلەي سۈكۈت قېلىشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس؛ چۈنكى يۇقىرىدا (11:2-16) ئۇ قىز-ئاياللارنىڭ جامائەتتە دۇئا قىلىشى ۋە ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزۈشىدىكى بەلگىلىمىلەر توغرۇلۇق ئېيتىپ بەردى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

150 34-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. مەنىسى بەلكىم: «جامائەتتىكى تەرتىپنى بۇزۇپ سۆزلەش ئاياللارغا ياراشمايدۇ» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئەمرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسۇن. [38] بىرسى بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىسا، ئۇ ئېتىراپ قىلىنمايدۇ[151]. [39] شۇنىڭ ئۈچۈن، ئى قېرىنداشلار، ۋەھيي-بېشارەتلەرنى يەتكۈزۈشكە تەلمۈرۈپ ئىنتىلىڭلار، شۇنداقلا نامەلۇم تىللاردا سۆزلەشنى چەكلىمەڭلار.
[40] خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر ئىش چىرايلىق، تەرتىپلىك قىلىنسۇن.

## تىرىلىش

15
[1] ئەمما، ئى قېرىنداشلار، مەن سىلەرگە ئەسلىدە يەتكۈزگەن خۇش خەۋەرنى بايان قىلماقچىمەن؛ سىلەر بۇ خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋاتىسىلەر؛
[2] مەن سىلەرگە يەتكۈزگەن خۇش خەۋەر بولغان كالامدا چىڭ تۇرغان بولساڭلار، — (ئىشەنگىنىڭلار بىكارغا كەتمىگەن بولسا)[152] — سىلەر ئۇنىڭ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇۋاتىسىلەر.
[3] چۈنكى مەن ئۆزۈمگە ئامانەت قىلىنغانلىرىنى ئەڭ زۆرۈر ئىش سۈپىتىدە سىلەرگىمۇ تاپشۇردۇم؛ يەنى، تەۋرات-زەبۇردا ئالدىن ئېيتىلغىنىدەك، مەسىھ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلدى؛
[4] ئۇ دەپنە قىلىندى؛ ۋە ئۈچىنچى كۈنى يەنە تەۋرات-زەبۇردە ئالدىن ئېيتىلغىنىدەك تىرىلدۈرۈلدى؛
[5] ئۇ كېفاسقا[153]، ئاندىن ئون ئىككىيلەنگە[154] كۆرۈندى؛
[6] ئاندىن ئۇ بىر سورۇندا بەش يۈزدىن ئارتۇق قېرىنداشقا كۆرۈندى؛ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنكى كۈندە تىرىك، ئەمما بەزىلىرى ئۆلۈمدە ئۇخلاۋاتىدۇ؛
[7] ئۇ ياقۇپقا[155]، ئاندىن روسۇللارنىڭ

---

151 باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىرسى بۇنى بىلىپ يېتىشنى خالىمىسا، ئۇ بىلىنمىسىز قالسۇن».

152 ئادەمنىڭ خۇش خەۋەرگە ئىشىنىشى «بىكارغا كېتىش»ىمۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇ بابتا بىر مىسال كۆرسىتىلىدۇ؛ بىرسى خۇش خەۋەرنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا (بۇ نۇقتا ئۇنىڭغا ياقمىغان، ياكى ئۇ ئۇنى ئۆگىنىشنى خالىمىغان بولسا)، ئۇنداقتا بۇ خۇش خەۋەرنى ئىنكار قىلغانغا باراۋەر؛ دېمەك، شۇ ئىشەنگۈچى ئادەم، گەرچە «ئىشەنگەن بولسىمۇ»، تولۇق ئىشەنمىگەچكە، ئىشىنىش يولى بىكارغا كېتىدۇ. شۇڭا ئاخىردا ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ.

153 «ياقۇپ» — ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنىسى.

154 «ئون ئىككىيلەنگە» — ئون ئىككى روسۇلغا كۆرۈنگەن، دېمەكچى. «ئون ئىككىيلەن» بەلكىم ماتتىيانى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن («روس.» 1:26).

155 ياقۇپ مەسىھ ئەيسانىڭ چوڭ ئىنىسى، كېيىن ئۇ روسۇل بولغان. ئىنجىل «يۇھ.» 7:5نى كۆرۈڭ).

ھەممىسىگە كۆرۈندى؛ [8] ھەممىسىدىن كېيىن ئۇ خۇددى ۋاقىتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك بولغان ماڭىمۇ[156] كۆرۈندى. [9] چۈنكى مەن روسۇللار ئارىسىدىكى ئەڭ تۆۋىنىمەن، روسۇل دەپ ئاتىلىشقا لايىق ئەمەسمەن؛ چۈنكى مەن خۇدانىڭ جامائىتىگە زىيانكەشلىك قىلغانمەن. [10] لېكىن ھازىر نېمىلا بولسام خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق بولدۇم؛ ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن شۇ مېھىر-شەپقىتى بىكارغا كەتمىدى؛ چۈنكى مەن خۇدانىڭ خىزمىتىدە بارلىق روسۇللاردىن بەكرەك جاپالىق ئىشلىگەنمەن؛ ئەمەلىيەتتە ئىشلىگۈچى مەن ئەمەس، بەلكى مەن بىلەن بىللە بولغان خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىدۇر. [11] دېمەك، مەيلى مەن ياكى باشقا روسۇللار بولسۇن، ھەممىمىزنىڭ يەتكۈزگەنلىرى ئوخشاش بولۇپ، ئۇ دەل سىلەر ئىشىنىپ قوبۇل قىلغان خۇش خەۋەردۇر.

[12] ئەمما مەسىھ ئۆلگەنلەر ئىچىدىن تىرىلدۈرۈلگەن دەپ جاكارلانغان بولسا، قانداقمۇ ئاراڭلاردىكى بەزىلەر ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى دېگەن يوق ئىش، دەيدۇ؟ [13] ئەمما ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى دېگەن يوق ئىش بولسا، مەسىھنىڭ تىرىلىشىمۇ يوق ئىش بولغان بولاتتى. [14] شۇنىڭدەك ئەگەر مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن بولمىسا، جاكارلىغان خەۋىرىمىز بىھۇدە بولغان، سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارمۇ بىھۇدە بولغان بولاتتى. [15] ھەتتا بىزمۇ خۇدا توغرىسىدىكى يالغان گۇۋاھچىلار بولغان بولاتتۇق — چۈنكى بىز خۇدانىڭ مەسىھنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردۇق. ئەگەر ھەقىقەتەن ئۆلۈمدىن تىرىلىش بولمىسا، خۇدا مەسىھنىمۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرمىگەن بولاتتى. [16] چۈنكى ئۆلگەنلەر قايتا تىرىلدۈرۈلمىسە، مەسىھمۇ تىرىلمىگەن بولاتتى. [17] مۇبادا مەسىھ تىرىلمىگەن بولسا، ئېتىقادىڭلار كېرەكسىز بولغان، سىلەر تېخىچە گۇناھلىرىڭلاردا يۈرۈۋاتقان بولاتتىڭلار، [18] شۇنداقلا مەسىھتە ئۆلۈمدە ئۇخلاۋاتقانلارمۇ ھالاكەتكە يۈز تۇتقان بولاتتى. [19] ئەگەر ئۈمىدىمىزنى پەقەت بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىز ئۈچۈنلا[157] مەسىھكە باغلىغان بولساق، بىز ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ بىچارە ئادەملەردىن بولغان بولىمىز.

[20] ئەمما ئەمەلىيەتتە، مەسىھ ئۆلۈمدە ئۇخلىغانلار ئىچىدە «ھوسۇلنىڭ

156 «ۋاقىتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك بولغان ماڭا...» — «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

157 ياكى «ھاياتىمىزدىلا».

تۈنجى مېۋىسى» بولۇپ، ئۆلۈمدىن تىرىلگەندۇر؛[158] [21] چۈنكى بىر ئىنسان ئارقىلىق ئۆلۈم ئالەمدە پەيدا بولغىنىدەك، ئۆلۈمدىن تىرىلىشمۇ بىر ئىنسان ئارقىلىق ئالەمدە پەيدا بولدى. [22] ئادامئاتىمىزدىن بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغانلىقىغا ئوخشاش، مەسىھدە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن ئۆلۈمدىن ھاياتقا ئېرىشىدۇ. [23]ئەمما ھەممەيلەن ئۆز نۆۋەت-قاتارىدا تىرىلىدۇ؛ تۈنجى ھوسۇلنىڭ مېۋىسى بولغان مەسىھ بىرىنچى؛ ئىككىنچىلەر بولسا مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كەلگىنىدە ئۆزىگە تەۋە بولغانلار. [24] ئاندىن ئاخىرەت بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ بارلىق ھۆكۈمرانلىقنى، بارلىق ھوقۇق ۋە ھەرخىل كۈچلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پادىشاھلىقنى خۇدا-ئاتىغا تاپشۇرىدۇ[159]. [25] چۈنكى ئۇ بارلىق دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئايىغى ئاستىدا قىلغۇچە ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەكتۇر؛ [26] ئەڭ ئاخىرقى يوقىتىلىدىغان دۈشمەن بولسا ئۆلۈم ئۆزىدۇر. [27] چۈنكى زەبۇردا «خۇدا پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا بويسۇندۇرغان» دەپ پۈتۈكلۈكتۇر[160]. ئەمما «پۈتكۈل مەۋجۇدات ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغان» دېيىلگىنىدە، روشەنكى، شۇ «پۈتكۈل» دېگەن سۆز «ھەممىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرغۇزغۇچى»نىڭ ئۆزىنى ئىچىگە ئالغان ئەمەستۇر. [28] ئەمما ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇل ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچىغا بويسۇنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن خۇدا ھەممىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. [29] ئۆلۈمدىن تىرىلىش بولمىسا، بەزىلەرنىڭ ئۆلگەنلەر ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۆلگەنلەر زادى تىرىلمىسە، كىشىلەر ئۇلار ئۈچۈن نېمە دەپ چۆمۈلدۈرۈلىدۇ؟[161] [30] بىزلەر

---

158 «ھوسۇلنىڭ تۈنجى مېۋىسى» ــ ئالدىن پىشقان مېۋە يىغىۋېلىنغاندىن كېيىنمۇ، باشقا مېۋىلەرنىڭ چوقۇم پىشىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنغىنىدەك، مەسىھنىڭ تىرىلىشى ئىمان-ئىشەنچتە بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭمۇ ھەققانىيلىقتا قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. تەۋرات بويىچە «ھوسۇلنىڭ تۈنجى مېۋىسى» خۇداغا ئالاھىدە ئاتىلاتتى (بېغىشلىناتتى) («لاۋ.» 23-باب، «قان.» 4:18).

159 بۇ مۇھىم ئايەت ۋە تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

160 «زەب.» 6:8.

161 «كىشىلەر ...ئۆلگەنلەر ئۈچۈن نېمە دەپ چۆمۈلدۈرۈلىدۇ؟» ــ چۈشىنىش قىيىن بولغان بۇ ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

نىمە دەپ ھەركۈنى ھەر سائەتتە خەۋپ-خەتەرگە دۇچ كېلىپ يۈرىمىز؟
31 رەببىمىز مەسىھ ئەيسادا سىلەردىن پەخىرلىنىشىم راست بولغاندەك،
ئى قېرىنداشلىرىم، مەن ھەر كۈنى ئۆلۈمگە دۇچ كېلىمەن[162]. 32 ئەگەر
ئىنسانلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرىدىن ئېيتقاندا «ئەفەسۇس شەھىرىدە ۋەھشىي
ھايۋانلار بىلەن ئېلىشتىم» دېسەم[163]، ئۆلگەنلەر ئۆلۈمدىن تىرىلمىسە،
بۇنىڭ ماڭا نىمە پايدىسى؟ «ئەتە بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىدىغان بولغاندىن كېيىن،
يەپ-ئىچىپ يۈرۈۋالايلى»[164] دېگەن سۆز يوللۇق بولمامتى؟ 33 ئالدانماڭلار؛
چۈنكى «يامان ھەمراھلار ئەخلاقنى بۇزىدۇ»[165]. 34 ھەققانىي بولۇش ئۈچۈن
ئويغىنىڭلار، گۇناھدىن قول ئۈزۈڭلار؛ چۈنكى بەزىلىرىڭلاردا خۇدا توغرۇلۇق
خەۋەر يوقتۇر — بۇنى ئېيتسام سىلەر ئۈچۈن ئۇيات ئەمەسمۇ؟

35 بەلكىم بىرسى: «ئۆلۈكلەر قانداق تىرىلدۈرىلەر؟ ئۇلار قانداق تەن بىلەن
تىرىلەر؟» — دەپ سورىشى مۇمكىن. 36 ئى ئەخمەق كىشى، سېنىڭ
تېرىغىنىڭ، ئۆلمەي تۇرۇپ قايتىدىن تىرىلمەيدۇ[166]. 37 ھەم سېنىڭ تېرىغىنىڭ،
ئۆسۈملۈكنىڭ تېنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يالىڭاچ دېنى — مەسىلەن،
بۇغداينىڭ ياكى باشقا بىرەر زىرائەتنىڭ دېنى، خالاس. 38 ۋە كېيىن خۇدا ئۆز
خاھىشى بويىچە ئۇنىڭغا مەلۇم بىر تەننى بېرىدۇ؛ شۇنداقلا ئۇرۇق دانلىرىنىڭ
ھەربىرىگە ئۆزىنىڭ تېنىنى ئاتا قىلىدۇ. 39 جانىۋارلارنىڭ ئەتلىرى بولسا بىر-
بىرىگە ئوخشىمايدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەتلىرى بار، ھايۋانلارنىڭ
ئۆزىگە خاس ئەتلىرى بار، ئۇچار-قاناتلارنىڭمۇ بار، بېلىقلارنىڭمۇ بار. 40 ئاسماندا

[162] گرېك تىلىدا «مەن ھەركۈنى ئۆلىمەن».
باشقا بىرخىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى: «مەن ھەر كۈنى ئۆلۈمگە دۇچ كېلىۋاتىمەن. بۇ راست! قېرىنداشلار، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردا (شۇنداق كۆپ ئىشلارنى) قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگىنىمنىڭ راستلىقىغا ئوخشاش، بۇ سۆزۈمنىڭمۇ ھەرگىز يالغان يېرى يوقتۇر».

[163] پاۋلۇس ئەفەسۇس شەھىرىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزگەندە، بەزى ئادەملەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ۋەھشىي ھايۋانلاردەك ھۇجۇم قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

[164] «يەش.» 13:22.

[165] بۇ سۆزلەر گرېك شائىرى مەناندەرنىڭكىدىن ئېلىنغان.

[166] گرېك تىلىدا «جانلاندۇرۇلمايدۇ».

جىسىملار بار، يەر يۈزىدىمۇ جىسىملار بار؛ ئەمما ئاسماندىكىسىنىڭ جۇلا-شەرىپى باشقىچە، يەر يۈزىدىكىسىنىڭمۇ باشقىچە بولىدۇ؛ 41 قۇياشنىڭ شان-شەرىپى بىر خىل، ئاينىڭ شەرىپى يەنە بىر خىل، يۇلتۇزلارنىڭ شان-شەرىپى يەنە بىر خىلدۇر؛ چۈنكى يۇلتۇزلار شان-شەرەپلىرىدە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. 42 ئۆلۈمدىن تىرىلىش ھەم شۇنداقتۇر[167]. تەن چىرىش ھالىتىدە تېرىلىدۇ، چىرىماس ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ؛ 43 ئۇياتلىق ھالەتتە تېرىلىدۇ، شان-شەرەپ بىلەن تىرىلدۈرۈلىدۇ؛ ئاجىز ھالەتتە تېرىلىدۇ، ئەمما كۈچ-قۇدرەت بىلەن تىرىلدۈرۈلىدۇ. 44 ئۇ تەبىئەتكە تەۋە بىر تەن[168] سۈپىتىدە تېرىلىدۇ؛ روھقا تەۋە بىر تەن بولۇپ تىرىلدۈرۈلىدۇ؛ ئەسلىدە تەبىئەتكە تەۋە بىر «جانلىق» تەن بولغان بولسا، ئەمدى روھىي بىر تەن بولىدۇ. 45 شۇڭا تەۋراتتا مۇنداق پۈتۈلگەنكى: «تۇنجى ئىنسان ئادەمئاتىمىز تىرىك بىر جان قىلىپ يارىتىلدى»[169]؛ ئەمما «ئاخىرقى ئادەمئاتا»[170] بولسا ھاياتلىق بەرگۈچى روھ بولدى. 46 ئەمما ئاۋۋال كەلگىنى روھىي ئادەم ئەمەس، بەلكى «تەبىئەتكە تەۋە بولغۇچى»[171] ئادەم ئىدى، كېيىن «روھىي ئادەم» كەلدى[172]. 47 دەسلەپكى ئىنسان بولسا يەردىن، تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلىنغان[173]؛ ئىككىنچى ئىنسان بولسا ئاسماندىن كەلگەندۇر؛ 48 تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلىنغىنى قانداق بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن بولغان «تۇپراقلىق»لارمۇ شۇنداق بولىدۇ؛ ئاسماندىن كەلگىنى قانداق بولسا، ئۇنىڭدىن بولغان «ئاسمانلىقلار»مۇ شۇنداق بولىدۇ.

167 دېمەك، تىرىلدۈرۈلگەندىن كېيىنكى تېنىمىز ئۆلگەندىن كېيىنكى تېنىمىزگە ئوخشىمايدۇ.

168 «تەبىئەتكە تەۋە بىر تەن» گرېك تىلىدا «جانغا تەۋە بىر تەن» ياكى «جانلىق بىر تەن» دېيىلىدۇ؛ «جان» مۇشۇ يەردە ئىنساننىڭ زېھنى، ئوي-پىكىرلىرى ۋە ھېسسىياتلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

169 «يار.» 2:7.

170 «ئاخىرقى ئادەمئاتا» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

171 «تەبىئەتكە تەۋە بولغۇچى» گرېك تىلىدا «جانغا تەۋە بولغۇچى». 44-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

172 «جانغا تەۋە بولغۇچى» ئاۋۋال كەلگەن، ئاندىن «روھقا تەۋە بولغۇچى» كەلگەن» (گرېك تىلىدا) — بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

173 . ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بار بولسا كېرەك، ئىبرانىي تىلىدا «ئادەم» دېگەن سۆز «تۇپراق»، «توپا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ («يار.» 2:7نى كۆرۈڭ).

49 بىزلەر «تۇپراقلىق ئادەم» سۈرىتىدە بولغىنىمىزدەك، «ئاسمانلىق ئادەم»
سۈرىتىدىمۇ بولالايمىز[174]. 50 ئەمما شۇنى ئېيتىمەنكى، ئى قېرىنداشلار،
ئەت ۋە قاندىن تۈرەلگەنلەر خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ؛
چىرىگۈچى چىرىمايدىغانغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ[175].
51 مانا، مەن سىلەرگە بىر سىرنى[176] ئېيتىپ بېرىمەن؛ بىز ھەممىمىزلا
ئۆلۈمدە ئۇخلايدىغانلاردىن بولمايمىز؛ بىراق ھەممىمىز ئۆزگەرتىلىمىز! 52 بىر
دەقىقىدىلا، كۆزنى بىر يۇمۇپ ئاچقۇچە، ئەڭ ئاخىرقى كاناي[177] چېلىنغاندا
ئۆزگەرتىلىمىز؛ چۈنكى كاناي چېلىنسىلا ئۆلگەنلەر چىرىماس ھاياتقا
تىرىلدۈرۈلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزگەرتىلىمىز؛ 53 چۈنكى بۇ چىرىپ كەتكۈچى
چىرىماس ھاياتنى كىيىۋېلىشى، بۇ ئۆلگۈچى ئۆلمەسلىكنى كىيىۋېلىشى
كېرەك؛ 54 ئەمما چىرىپ كەتكۈچى چىرىماس ھاياتنى كىيگەندە، بۇ
ئۆلگۈچى ئۆلمەسلىكنى كىيگەندە، شۇ چاغدا بۇ سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ:
«ئۆلۈم غەلىبە تەرىپىدىن يۇتۇلۇپ يوقىتىلىدۇ!»[178]. 55 «ئاھ، ئۆلۈم، سېنىڭ
نەشتىرىڭ قېنى؟! ئاھ، ئۆلۈم، سېنىڭ غەلىبەڭ قېنى؟!»[179] 56 ئۆلۈمدىكى
نەشتەر ــ گۇناھتۇر، گۇناھنىڭ كۈچى بولسا، تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق نامايان
بولىدۇ[180]. 57لېكىن بىزنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بۇلارنىڭ

---

174 بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە: «بولايلى» دېيىلىدۇ.

175 بۇ چىرىگۈچى تېنىمىز ئۆلىدۇ، پەقەت روھىمىز ئۆزگەرمەس ھالەتتە باقىي ئالەمگە كېتىدۇ. خۇدانىڭ بىز مۆمىن بەندىلىرى تىرىلدۈرۈلگەندە چىرىماس تېنىمىزنىڭ «چىرىگۈچى» تېنىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. خۇدا ئېتىقادچىلارغا پۈتۈنلەي يېڭى بىر تەن ئاتا قىلىدۇ.

176 «سىر» توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»نى كۆرۈڭ.

177 «ئەڭ ئاخىرقى كاناي» ــ ئىنجىل، «مات.» 31:24، «1تېس.» 16:4، «ۋەھ.» 7:10 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ.

178 «يەش.» 8:25 (LXX تەرجىمىسىدىن).

179 «ھوش.» 14:13. «ھوشىيا»دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمى «ئاھ، تەھتىسارا، سېنىڭ غەلىبەڭ قېنى؟!» («تەھتىسارا» ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان جاي).

180 «گۇناھنىڭ كۈچى بولسا، تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ». دېمەك، ئىنسانلار قانۇنسىز يۈرگەندە گۇناھ ئېڭى بولمايدۇ. لېكىن تەۋرات قانۇندىكى يۇقىرىقى تەلەپلەرنى بىلىپ، ئۇلارغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىدۇ، لېكىن ئەمەل قىلالمىغانلىقىدىن گۇناھنىڭ ھەقىقىي دەھشەتلىك كۈچلۈك بىرنەرسە ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ.

ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگۈچى خۇداغا تەشەككۈر![181]
58 شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، چىڭ تۇرۇپ تەۋرەنمەس بولۇڭلار، رەببىنىڭ خىزمىتىدىكى ئىشلىرىڭلار ھەمىشە كەڭ زىيادىلەشسۇن؛ چۈنكى رەبدە بولغان ئەجىر-جاپايىڭلار ھەرگىز بىھۇدە كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىسىلەر.

## كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئىئانە قىلىش

16 1 ئەمدى مۇقەددەس بەندىلەر ئۈچۈن ئىئانە توپلاش توغرۇلۇق، سىلەرمۇ گالاتىيا ئۆلكىسىدىكى جامائەتلەرگە تاپىلىغىنىمدەك قىلىڭلار. 2 ھەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدە[182] ھەربىرىڭلار تاپاۋىتىڭلارنىڭ بەرىكىتى بويىچە ئۇنىڭدىن بىر ئۈلۈشنى ئاجرىتىپ ئۆز يېنىڭلاردا ساقلاپ قويۇڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار، كەلگەن ۋاقتىمدا ئىئانە توپلاش ھاجەت بولمايدۇ. 3 مەن كەلگىنىمدە، سىلەر قايسى ئادەملەرنى لايىق كۆرۈپ تاللىساڭلار، مەن شۇلارغا تونۇشتۇرۇش خەتلىرىنى يېزىپ بېرىپ مۇشۇ ئىئانە-شەپقىتىڭلارنى يېرۇسالېمغا[183] ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىمەن. 4مېنىڭمۇ بېرىشىم مۇۋاپىق كۆرۈلسە، ئۇلار ماڭا ھەمراھ بولۇپ بارىدۇ.
5 ئەمما مەن ماكېدونىيە ئۆلكىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يېنىڭلارغا كېلىمەن — چۈنكى مەن ماكېدونىيەدىن ئۆتمەكچىمەن — 6 بەلكىم مەن سىلەر بىلەن بىللە بىر مەزگىل تۇرۇشۇم مۇمكىن، ھەتتا يېنىڭلاردا قىشلاپ قېلىشىممۇ مۇمكىن؛ شۇنىڭدەك ئاندىن قەيەرگە بارماقچى بولسام، سىلەر ياردەم قىلىپ، مېنى يولغا سېلىپ قويارسىلەر. 7 چۈنكى بۇ قېتىم سىلەرنى يول ئۈستىدىلا كۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىشنى خالىمايمەن، بەلكى رەب بۇيرۇسا، سىلەر بىلەن بىللە ئۇزۇنراق بىر مەزگىل تۇرغۇم بار. 8 ئەمما مەن ئەفەسۇس

181 «غەلىبە» — دېمەك، ئۆلۈم ۋە گۇناھ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.
182 يەنى يەكشەنبە كۈنى.
183 «يېرۇسالېمغا ئەۋەتىمەن». يېرۇسالېمدىكى جامائەت ناھايىتى كەمبەغەل بولۇپ قالغانىدى. «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

شەھىرىدە ئۇرما ھېيتىغىچە[184] تۇرماقچىمەن. 9 چۈنكى مۇشۇ يەردە ماڭا
ئاجايىب چوڭ، ئۈنۈملۈك ئىشقا بىر ئىشىك[185] كەڭ ئېچىلدى،
شۇنىڭدەك قارشى چىققۇچىلارمۇ كۆپ.
10 تىموتىي يېنىڭلارغا بېرىپ تۇرسا، ئۇنىڭ ئاراڭلاردا قورقماي ئەركىن-
ئازادە يۈرۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار. چۈنكى ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش رەببىنىڭ
خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. 11 شۇڭا ھېچكىم ئۇنى تۆۋەن كۆرمىسۇن؛ بەلكى
ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا كېلىشى ئۈچۈن ئامان-ئېسەن ئۇزىتىپ يولغا سېلىپ
قويۇڭلار؛ چۈنكى ئۇنىڭ قېرىنداشلار بىلەن بىللە كېلىشىنى كۈتمەكتىمەن. 12
ئەمما قېرىندىشىمىز ئاپوللوسقا كەلسەم، ئۇنىڭدىن قېرىنداشلار بىلەن بىللە
سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بېرىشنى كۆپ ئۆتۈندۇم. لېكىن ئۇنىڭ ھازىرچە بارغۇسى
يوق. كېيىن پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە بارىدۇ.
13 ھوشيار بولۇڭلار، ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇڭلار؛ مەردانە ئەردەك بولۇڭلار!
قەيسەر بولۇڭلار!

14 سىلەرنىڭ قىلغان ھەممە ئىشىڭلار مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قىلىنسۇن.
16-15 ئەمدى، ئى قېرىنداشلار، ئاخايا ئۆلكىسىدىكى[186] ئەڭ دەسلەپكى
ئېتىقاد مېۋىسى بولغان ستېفاناس ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى، شۇنداقلا
ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا قانداق
ئۆزلىرىنى ئاتىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىلەر؛ مەن سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى،
مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خىزمەتتە[187] ھەربىر جاپا
تارتىۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرىگە كىرىڭلار. 17 ئەمما يېنىڭلاردىن ستېفاناس،
فورتۇناتۇس ۋە ئاقايىكۇسنىڭ بۇ يەرگە مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن

184 ياكى «ھوسۇل يىغىش ھېيتى». گرېك تىلىدا «پېنتېكوست ھېيتى» (ئەللىكىنچى كۈنى ھېيتى) دەپ ئاتىلىدۇ — چۈنكى بۇ ھېيت پاسخا ھېيتى (ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى)دىن 50 كۈن كېيىن بولىدۇ.
185 خۇش خەۋەر تارقىتىدىغان پۇرسەتنى كۆرسىتىدۇ.
186 «ئاقىيا ئۆلكىسى» — ھازىرقى گرېتسىيە، «يۇنان».
187 «خىزمەتتە» — رەببىنىڭ خىزمىتىدە، ئەلۋەتتە. پاۋلۇسقا نىسبەتەن پەقەت بىرلا خىزمەت مەۋجۇت ئىدى.

شادلاندىم[188]؛ چۈنكى ئۇلار سىلەر تەرەپتىن كەم بولغانلىرىنى تولۇقلاپ بەردى.
18 چۈنكى ئۇلار مېنىڭ روھىمنى ۋە ھەم سىلەرنىڭكىنىمۇ يېڭىلاندۇردى؛ شۇڭا
شۇنداق ئادەملەرنى ئەتىۋارلاپ ھۆرمەتلەڭلار.
19 ئاسىيادىكى[189] جامائەتلەردىن سىلەرگە سالام. ئاكىۋىلا ۋە پرىسكىللا[190]
ھەم ئۇلارنىڭ ئۆيىدە جەم بولىدىغان جامائەتتىنمۇ رەبدە سىلەرگە قىزغىن
سالام يوللايدۇ. 20 قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە سالام يوللايدۇ. بىر-
بىرىڭلار بىلەن پاك سۆيۈشلەر بىلەن سالاملىشىڭلار.
21 مانا، مەنكى پاۋلۇس ئۆز قولۇم بىلەن سالام يېزىۋاتىمەن!

22 ھەركىم رەب ئەيسا مەسىھنى سۆيگۈچى بولمىسا، ئۇنىڭغا لەنەت
بولسۇن! رەببىمىز، كەلگەيسەن![191] 23 رەب ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-
شەپقىتى ھەممىڭلارغا يار بولغاي!

24 مېنىڭ مەسىھ ئەيسادا بولغان مۇھەببىتىم ھەممىڭلار بىلەن بىللە
بولغاي[192]. ئامىن!

188 مۇشۇ ئۈچ بۇرادەرنىڭ كورىنتلىقلارنىڭ جامائىتىنىڭ يېنىدىن كېلىشى پاۋلۇسقا مۇشۇ رىغبەت بەرگۈچى خەتنى يېزىپ يوللاش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى.

189 «ئاسىيا» ھازىرقى زاماندىكى تۈركىيە زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ.

190 بەزىدە ئۇ قىسقارتىلىپ «پرىسكا» دېيىلىدۇ.

191 «...لەنەت بولسۇن. رەببىمىز، كەلگەيسەن!». پاۋلۇس بۇ سۆزنى ئارامىي تىلىدىكى: «ئاناتېما، ماراناتا!» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

192 ياكى «مېنىڭ مۇھەببىتىم مەسىھ ئەيسادا بولغان ھەممىڭلار بىلەن بىللە بولغاي».

# قوشۇمچە سۆز

## بۆلۈنۈشلەر، «مەزھەپلەر»
## (1:10-17، 1:3-8، 18-23نى كۆرۈڭ)

كورىنتتىكى جامائەتنىڭ بەزىلىرى بىر-بىرىدىن بۆلۈنۈپ بىرنەچچە گۇرۇھقا ئايرىلغانىدى؛ ھەربىر گۇرۇھ، بىز مەسىھنىڭ روسۇللىرى ئارىسىدىن مەلۇم بىرسىنىڭ تەلىمگە ياكى ئۆلگىسىگە ئەگىشىمىز، دەيتتى. «مەسىھنىڭ روسۇللىرىنىڭ تەلىمگە ئەگەشكەندىن كۆرە، مەسىھنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىققان تەلىمگىلا ئەگىشىمىز» دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. پاۋلۇسنىڭ بۆلارنىڭ ھەممىسىگە، جۈملىدىن «مەن پاۋلۇسنىڭ تەرەپدارىمەن» دېگەنلەرگىمۇ بەرگەن تەنبىھى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر. ئۇنىڭ: «مەسىھ بۆلۈنگەنمىكەن؟» دېگەن ئاددىي بىر سوئالى بار ئىدى (1:13). بۇ سوئالغا بولغان جاۋاب ئەلۋەتتە «ياق» دېيىشتۇر.

بۇ خەتتە روسۇلنىڭ تەنبىھىگە ئۇچرىغان بىرىنچى ئىش دەل مۇشۇ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈش ئىشى ئىدى. روسۇلنىڭ بۇنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى زوردۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ: «چۈنكى سىلەر تېخى ئەتكە تەۋە كىشىسىلەر. ئاراڭلاردا ھەسەتخورلۇق ۋە تالاش-تارتىشلار بار بولغاندىن كېيىن، سىلەر ئەتكە تەۋە ئەمەسمۇ، ئىنسانلارچە مېڭىۋاتمامسىلەر؟ چۈنكى بىرسى «مەن پاۋلۇس تەرەپدارى»، ۋە باشقا بىرسى «مەن ئاپوللوس تەرەپدارى» دېسە، سىلەر پەقەت ئىنسانلارغا ئوخشاش بولۇپ قالمىدىڭلارمۇ؟» (3:3-4) دېگەن تەنبىھىنىمۇ چۈشەنمىگەنىدى.

«رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»دە بىز «ئەت» ياكى «ئەتلەر»، «ئەتكە تەۋە»، «ئەتلىك كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇم توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلغان؛ مۇشۇ يەردە بۇنى قايتىلىمايمىز. لېكىن بەزىلەر: ««ئىنسانلارغا ئوخشاش» بولساق نېمە بوپتۇ؟ بىز ھەممىمىز ئىنسان ئەمەسمۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. بۇ سۆزلەرنىڭ ئادەمنى چۆچۈتىدىغان تۈپ مەنىسى شۇكى، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى چېكىدىن ئاشقان خاتا يولدا قارىغۇلارچە، تەلۋىلەرچە ماڭماقتا. ھەرخىل ناپاكلىق، ئاچكۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق ۋە ھەسەتخورلۇقنى ئاقلاش ئۈچۈن بىز: «بىز پەقەت ئىنسان، خالاس»، ياكى «بىز پەقەت

خۇدانىڭ ئاجىز بەندىلىرى، خالاس» ۋە «ئىنسان دېگەننىڭ گۇناھ قىلماسلىقتا ئامالى يوقتۇر» دېگەن سۆزلەرنى ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىمىز.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، شۇ كۈنىدە ھەممىگە قادىر ئالدىدا ھېساب تاپشۇرۇشقا تۇرۇپ ئۇنىڭغا: «مەن پەقەت ئىنساندىن بولغان» «ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىدىغان تۇرسا؟» دەپ باھانە كۆرسەتسىڭىز، سۆزىڭىز ئاقامدۇ؟ ئاجايىب ئىش دەل شۇكى، خۇدا پەقەت گۇناھلارنىڭ جازاسىدىنلا ئەمەس، بەلكى گۇناھلارنىڭ كۈچ-تەسىرلىرىدىنمۇ قۇتقۇزىدىغان بىر نىجاتلىقنى ئىنسانغا ئاتا قىلاي دەپ تۇتماقتا. بۇنى كورىنتتىكى جامائەت ئوبدان بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما نىجاتلىقنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدە ياشمايتتى. شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس ئۇلارغا قاتتىق تەنبىھ بېرىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق باشقا ئىنسانلارغا ئوخشىمىغان ھالدا باشقىچە ياشاش مۇمكىنكى — بىز چوقۇم شۇنداق ياشىشىمىز كېرەك — خۇداغا تەشەككۈر، بىزنىڭ «ئىنسانلارغا ئوخشاش» ئەمەس، بەلكى ئاسماندىكى پۇقرالار، خۇدانىڭ روھىدىن كۈچلەندۈرۈلگەن پەرزەنتلىرى سۈپىتىدە ياشاش ئىمكانىيىتىمىز بار.

جوڭگودا بىز خەنزۇ ئېتىقادچى قېرىنداشلىرىمىزدىن، بولۇپمۇ تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ تونۇشقىنىمىزدا: «سىز قايسى مەزھەپ («پەي»)دىن بولۇسىز؟» دېگەن سوئالنى پات-پات ئاڭلايمىز. بۇ مۇنداق سوئال سورىغۇچىنىڭ تېخى «ئەتتە ياشاۋاتقانلىقى»نى، شۇنداقلا «ئىنسانلارچە كۆزقاراش» بىلەن دۇنياغا قارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس. قەلبىدە خۇدانىڭ روھى ماكانلاشقان، شۇنداقلا روھ تەرىپىدىن تولدۇرۇلغان كىشىلەر مۇشۇنداق سوئال سورىمايدۇ، ياكى «جامائەتتىكى قايسى تەلىم بەرگۈچىدىن ئۆگەندىڭىز»، ياكى «جامائىتىڭىزنىڭ يېتەكچىسى كىم؟» دېگەنگە قىزىقمايدۇ — روھىي ئادەملەر بولساق، ئۇچرىغان باشقا ئىشەنگۈچىلەردىن مەسىھنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق گۇۋاھلىق، تۇپتىن ئۆزگەرتىلگەن تۇرمۇشىنىڭ گۇۋاھلىقى، توۋا قىلغانلىقتىن مەسىھدە بولغان يېڭى ھاياتتىن ئۇرغۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان مۇھەببەت، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ۋە ھەققانىيلىقنى ئىزدەيمىز. مانا مۇشۇ ئىشلار «ئېتىقادچىلار»دا كۆرۈلمىسە، ئىنجىل تەلىمى بەرگۈچىلەردىن ھەتتا بۈگۈنكى ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىنىڭ بىزدە بار بولغىنىنىڭ نېمە پايدىسى بولاتتى؟ تەلىمى توپ-توغرا بولغان بىر ياچېيكىغا ئەزا بولۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟ لېكىن ئۆزگەرتىلگەن بىر ھايات مەۋجۇت بولسا، توۋا قىلىشنىڭ مېۋىسى كۆرۈلگەن بولسا (گەرچە ئىككىلەمچى مەسىلىلەر توغرۇلۇق كۆزقاراشلار ئوخشىمىسىمۇ)، ئاندىن مەسىھ توغرۇلۇق ئورتاق سۆز بىلەن سىرداشقىلى بولىدۇ.

مەسىھكە مەنسۇپ بولغان ھەممە ئادەم ئۇنىڭ جامائىتىدۇر — دېمەك، «ھەر يەرلەردە رەب ئەيسا مەسىھنىڭ (ئۇ ئۇلارغا ۋە بىزگە مەنسۇپ!) نامىغا نىدا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى» ئۇنىڭ جامائىتىدۇر. (2:1). گەرچە ئۇلار بىزدىن ئايرىم ھالدا جەم بولسىمۇ، ئۆزىمىزنى باشقا ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەردىن باشقىچە چاغلىماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ ھەر زېمىن-يۇرتتا تۇرۇۋاتقان، بارلىق جامائەتلەردە جەم بولۇۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۇچۇن (مەيلى ئۇلار ئۆزىمىزنى «قېرىنداش» دەپ ئېتىراپ قىلسۇن-قىلمىسۇن) دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.

## 6:4 «پۇتۇلگەننىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار»

«پۇتۇلگەننىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار» دېگەن سۆزلەر تەۋراتتا ئەينى يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئۇ تەۋرات-ئىنجىلدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپتۇر. بۇ ئايەت، مەيلى نىجاتلىق بولسۇن، ئەخلاق-پرىنسىپلار بولسۇن، جامائەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسىلىلەر بولسۇن، مۇقەددەس كىتابلاردا ھەر ئەھۋالدا بىزگە يېتەرلىك يوليورۇق تاپشۇرۇلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. «ئارتۇق ۋەھيي» بۇ ئىشلاردا بىزگە كېرەك ئەمەس؛ ئەمەلىيەتتە، بىز مۇشۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بىر بايان بىلەن ئىپادىلەيمىزكى، — ئىمان-ئېتىقادقا باغلىق ھەرقانداق ئىشلاردا (مەسىلەن، ئەخلاق-پرىنسىپ، نىجاتلىق، جامائەت، ياكى مۇشۇ يەردىكىدەك پاۋلۇس روسۇللارنىڭ روللىرى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلغىنىدەك)، مۇقەددەس كىتابلاردا ئايان قىلىنمىغان بولسا ياكى مۇقەددەس كىتابلاردىن لوگىكىلىك قىياس قىلىنىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنداق ئىشلارنى ھەرگىز «جەزمەن شۇنداق» دېمەسلىكىمىز كېرەك.

## 8:4 «سىلەر ئاللىقاچان تويۇنۇپ كەتتىڭلار! ئاللىقاچان بېيىپ كەتتىڭلار! سىلەر بىزسىز پادىشاھلار بولۇپ ھۆكۈم سۈردۈڭلار! كاشكى سىلەر ھەقىقەتەن ھۆكۈم سۈرگەن بولساڭلارئىدى — ئۇنداقتا بىز سىلەر بىلەن بىللە ھۆكۈم سۈرگەن بولاتتۇق!»

بەزى ۋاقىتلاردا بۈگۈنكى دەۋردىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن روسۇلنىڭ بەزى سۆزلىرىنى چۈشىنىش تەس. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ئۇ ئېنىق كۆرگەن روھىي ھەقىقەتلەرنى بىز غۇۋا كۆرىشىمىز مۇمكىن. ئەمما قايتا-قايتا ئوقۇپ سۆزلىرى ئۈستىدە ئويلانساق، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىزمۇ ئۇنىڭ بەھرىمەن بولغان يورۇقلۇقىغا مۇيەسسەر بولىشىمىز مۇمكىن؛ ئىمان-ئىشەنچ بىلەن شۇنداق داۋاملاشتۇرساق چوقۇم يورۇقلۇققا ئېرىشىمىز.

مۇشۇ سۆزلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال روسۇلنىڭ رىمدىكى جامائەتكە ئېيتقان سۆزلىرى ئۈستىدە ئازراق توختىلايلى: —

«ئەمدى بىر ئادەمنىڭ ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئەنە شۇ ئۆلۈم بىر ئادەم ئارقىلىق ھۆكۈمران بولغان يەردە، خۇدانىڭ مول مېھىر-شەپقىتىنى، شۇنداقلا ھەققانىيلىق بولغان شاپائەتلىك سوۋغىتىنى قوبۇل قىلغانلار بىر ئادەم، يەنى شۇ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ھاياتتا شۇنچە غالىبانە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بولمامدۇ!» («رىم.» 17:5).

مۇشۇ ئايەتتە خۇدانىڭ مەسىھنىڭ قۇربانلىق ئۆلۈمىدە بولغان بۈيۈك مەقسەت-مۇددىئاسىنى كۆرىمىز — يەنى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان مول ۋە شەرەپلىك ھاياتتۇر. ئۆتكەن كونا ھاياتنى باشقۇرىدىغان گۇناھ ۋە شەيتاننىڭ زۇلۇم-ئاسارەتلىرىدىن چىقىشتا شۇنچە زور ئۆزگىرىش ۋە ئازاد بولۇش بولىدۇكى، پاۋلۇس بۇ يېڭى ھاياتنى گۇناھ ۋە ئۆلۈم بولغان بۇرۇنقى مۇستەبىتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ پادىشاھتەك سۈرىدىغان ھايات، دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئەڭ ئۇلۇغ ۋە كىممەتلىك ھۆكۈم سۈرۈش بولسا، ئېتىقادچىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆزى ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈشى، ئەلۋەتتە. سۇلايمان پەند-نەسىھەتلىرىدە ئېيتقاندەك: «ئاسان ئاچچىقلىمايدىغان كىشى پالۋاندىن ئەۋزەل؛ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشى شەھەر ئالغاندىنمۇ ئۈستۈن» («پەند.» 32:16). ئۆزىنى ھەقىقىي تۇتۇۋالغان كىشىگە بولسا، خۇدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتلەرنى ئامانەت قىلالايدۇ، ھەتتا ئۇ دۇنيادىكى ئىشلاردا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان زور مەسئۇلىيەتلەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ.

ئەمما مۇشۇ يەردە پاۋلۇس كورىنتلىقلارغا كىنايە بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ. كورىنتتىكى جامائەت بولسا: «بىز كامالەتكە يېتىپ، مۇستەقىل بولدۇق؛ «ھۆكۈمرانلىق قىلىش»قا سەن پاۋلۇسنىڭ ياردىمىڭ ياكى نەسىھىتىڭ كېرەك ئەمەس، دەيدۇ. پاۋلۇس بولسا: «ئەلۋەتتە، سىلەر گۇناھىڭلار، ئۆز شەخسىيىتىڭلار ۋە شەيتاننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە

قىلىپ پادىشاھدەك ھۆكۈم سۈرگەن بولساڭلار ئىدى، شۇنداق بولغىنىڭلاردا، بىز سىلەر بىلەن بىللە ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشىگە چىقارۋاتقان مەدەنىيەتلىك ھۆكۈمران بولاتتۇق!» دەيدۇ. ئەمما خەتنىڭ قالغان قىسمىدا ئادەمنى خىجىل قىلارلىق دەرىجىدە ئايان قىلىنغىنىدەك، ئۇلار ھېچقاچان «ھۆكۈم سۈرگەن» ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە ئۇلار ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ئاسارەت-ئىلكى تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىپ كېلىنىۋاتاتتى.

پاۋلۇسنىڭ ئۇلارغا سۆزلەش تەلەپپۇزىدىن ئېنىق تۇردۇكى، ئۇنىڭ ئۇلارغا بولغان مەقسىتى (بۇ ئۈمىد-مەقسەت ھەممە ھەقىقىي روسۇللاردا تېپىلىدۇ) ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ئۈستىدىن كونترول قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ ئازاد قىلىنىپ كۈچلەندۈرۈلۈش، يورۇتۇلۇپ دانا بولۇش ۋە نىجاتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن چىن كۆڭلىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ياردىمىدىن مۇستەقىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى.

## «شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلۇش»

5:3-5 «چۈنكى گەرچە تەندە سىلەر بىلەن بىللە بولمىساممۇ، ئەمما روھتا سىلەر بىلەن بىللە بولۇش سۈپىتىدە ئاللىقاچان شۇنداق مەن شۇ ھۆكۈمنى چىقاردىمكى، — (ھەممىڭلار رەب ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا جەم بولغاندا، ئۆزۈمنىڭ روھىم سىلەر بىلەن بولۇپ، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ) — شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ئەتلىرى ھالاك قىلىنسۇن، شۇنداق قىلىپ روھى رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلسۇن».

كورىنتتىكى جامائەتنىڭ ئەزاسى بولغان بۇ كىشى ئاتىسىنىڭ ئايالى (ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى، ياكى ئاتىسىنىڭ توقلىسى) بىلەن بىللە ياشاشقا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق كىشى بىرىنچىدىن گۇناھى تۈپەيلىدىن جامائەتنىڭ باردى-كەلدىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇشى كېرەك؛ جامائەت ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى ئالاقىدە بولماسلىقى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇ «شەيتانغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك» ئىدى. ھەرقانداق جامائەت ئۈچۈن ئۆز ئەزاسىغا نىسبەتەن مۇنداق تەدبىرنى قوللىنىشى ئىنتايىن زور ئېغىر ئىشتۇر. ئادەتتە

شۇنداق ئوچۇق گۇناھ مەۋجۇت بولسا، شۇنداقلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئەھۋال بار بولسا، ئاندىن مۇشۇنداق تەدبىرنى قوللانغىلى بولىدۇ: —

(1) گۇناھ سادىر قىلغۇچى كىشى گۇناھقا شۇنچە پىتىپ كەتكەنكى، ھەتتا تەنبىھلەر ياكى نەسىھەتلەرنى ئاڭلىمىغان بولسا؛

(2) بۇ گۇناھلىق قىلمىش تۈپەيلىدىن مەسىھ ئەيسانىڭ نامىغا ئېغىر داغ تەگكۈزۈلىدۇ ۋە جامائەتنىڭ مەسىھكە بولغان گۇۋاھلىقىنى سىستقان بولسا. ئۈتتۇرا دېڭىزدىكى «پاھىشىۋازلىق پايتەختى» بولغان كورىنت شەھرىدىمۇ ئاما-پۇقرالار مۇشۇنداق قىلمىشنى يىرگىنچلىك دەپ قارايتتى — شۇنداق قىلمىش جامائەتنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت ئىدى! پاۋلۇسنىڭ بۇ تەدبىرنى قوللاش قارارىغا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

ھازىر بىز «(بۇ) كىشىنىڭ ئەتلىرى ھالاك قىلىنىسۇن» ۋە «روھى رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە قۇتقۇزۇلار» دېگەنلەرنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلايلى.

بۇ توغرۇلۇق تۆت خىل پىكىر مەۋجۇت. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭكىنى ئېيتىمىز. ئىنجىلدا ئادەتتە «ئەت» ۋە «ئەتلەر» دېگەن سۆزلەر ئادەتتە ئىنسانىي گۇناھلىق تەبىئەتنى كۆرسىتىدۇ؛ لېكىن پىكرىمىزچە مۇشۇ يەردە «ئەت»نى ئاساسەن جىسمانىي جەھەتتىن (بۇ ئادەمنىڭ تېنىنى كۆرسىتىدۇ، دېمەكچى)، ئاندىن ئادەمنىڭ گۇناھلىق تەبىئەتى جەھەتتىن چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ؛ شۇنداق قارىغاندا، كورىنتلىقلار بۇ كىشىنى شەيتانغا تاپشۇرسا، ئەمدى ئۇنىڭ ئەتلىرى شەيتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولىدۇ (دېمەك، خۇدانىڭ بىۋاسىتە باشپاناھلىقىدا بولمايدۇ، خۇدانىڭ شىپاسىدىن ھېچقانداق بەھرىمەن بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئايۇپ پەيغەمبەرنىڭ تارىخىنى سېلىشتۇرۇڭ، «ئايۇپ» 1:2-10). شۇڭا شۇ يولدا ئۇ بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، بەلكىم ھەتتا بۇ كېسەلدىن ئۆلۈشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندا تۆت ياخشى نەتىجىمۇ بولۇشى مۇمكىن: —

(1) بۇ كىشىنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ «تەربىيە جازا»سىنى كۆرۈشى بىلەن ئۆز گۇناھلىق قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن ئويغىنىپ توۋا قىلىش ئىمكانىيىتى بار بولىدۇ؛

(2) جامائەت ئۆزى گۇناھنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرى توغرۇلۇق ئويغىنىشىمۇ مۇمكىن (خۇدانىڭ كورىنتتا تۇرغان مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ بەزىلىرى «رەبنىڭ زىياپىتى»گە

مۇناسىۋەتلىك بولغان گۇناھلار تۈپەيلىدىن ئاغرىغان، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنىدى؛ 30:11نى كۆرۈڭ).

(3) كورىنتتىكى «بۇ دۇنياغا تەۋە بولغان» كىشىلەر خۇدانىڭ جازا-تەربىيىسىنى كۆرىدۇ ۋە خۇدادىن قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇش خەۋەر توغرۇلۇق گۇۋاھلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ؛

(4) «رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە، بۇ كىشىنىڭ روھى قۇتقۇزۇلىدۇ».

ئاخىرقى بۇ ئىبارە ئۈستىدە كۆپ قىياس قىلمايمىز. ئەمما 3:11-17دە پاۋلۇس مۇقەددەس روھتا «قۇرۇش» ۋە كېيىنكى ئىنئاملار دېگەن مۇھىم ئىش توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ يەردە ئۇ ئىككى خىل كىشىنى تىلغا ئالىدۇ؛ بىرىنچى خىلى بولسا ئىمان-ئېتىقاد بىلەن خۇداغا ئىتائەتمەن بولۇپ پەقەت ئۆزىنگىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈپ «ئۇل ئۈستىگە ئالتۇن، كۈمۈش، ياكى قىممەتلىك تاش» سالغان كىشى؛ ئۇ خۇدانىڭ يوللىرىدا ئىزچىل ھالدا توختاۋسىز ماڭغاچقا خاراكتېرىدا نۇرغۇن ئەۋزەل خىسلەت-پەزىلەتلەر قۇرۇلۇپ چىقىلغان؛ خۇداغا مىلك تەشەككۇر، ئۆز مېھىر-شەپقىتى ھەم روھىنىڭ ئالاھىدە ئىش كۆرۈشى بىلەن ئادەمنىڭ ئىچىگە يۇغۇرۇلغان بۇنداق پەزىلەتلەر ھەرگىز يوقاپ كەتمەيدۇ.

ئىككىنچى خىل كىشى ئۆز ھاياتىدا ھېچقانداق «پۇختا قۇرۇلۇش»نى قۇرمىغان كىشىدۇر. مۇنداق كىشىلەرنىڭ «قۇرۇلۇش»ى بار دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتىكىلا ئىشلار بولۇپ، ئىسمى بار جىسمى يوق، ئوتتىن ئۆتەلمەيدىغان ئەرزىمەس قۇرۇلۇشتۇر. بۇنداق كىشى «ئۆزى قۇتۇلىدۇ، ئەمما گويا ئوتتىن ئۆتۈپ قۇتۇلغان بىرسىگە ئوخشاپ قالىدۇ». پاۋلۇس تىرىلىشتىكى ئىشلار توغرۇلۇق پۈرۈتۈپ دېگەندەك، يۇلتۇزلار بىر-بىرىگە ئوخشىمىغىنىدەك، تىرىلىشتە كىشىلەرنىڭ يېڭى تەنلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىشىمۇ مۇمكىن (15:35-49). لېكىن بۇنداق كىشىلەرگە ھەتتا «تىرىلىش»تىكى تەن بېغىشلانماسلىقى مۇمكىن؛ ئۇلار ئىشەنچىسىنى رەب ئەيسا مەسىھكە باغلىغانلىق سەۋەبىدىن، ئۇلار «قۇتقۇزۇلىدۇ»؛ ئەمما بۇ قۇتقۇزۇلۇشنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە دېگىلى بولىدۇ؛ دېمەك، ئۇلار گۇناھلىرىنىڭ دوزاختىكى جازاسىنى كۆرمەيدۇ، پەقەت «قۇتقۇزۇلغان تەنسىز روھلار» سۈپىتىدە خۇدا ئالدىدا ياشايدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ پەرزىمىزدۇر.

بۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق باشقا بەزى ئايەتلەر: —
«رىم.» 16:17-18؛ «2كور.» 6:14-7:1؛ «گال.» 6:1-2؛ «2تېس.» 3:6-15؛
«1تىم» 1:20؛ «تىت.» 3:10-11؛ «2يۇھ.» 9-11؛ «ۋەھ.» 2:20نى كۆرۈڭ.

8-7:5 «كونا خېمىرتۇرۇچنى چىقىرىۋېتىڭلار، شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئەسلى خېمىرتۇرۇچسىز خېمىردەك يېڭى بىر زۇۋۇلا بولىسىلەر؛ چۈنكى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دىكى قوزىمىز بولغان مەسىھ قۇربانلىق قىلىندى؛ شۇڭا ھېيتنى يامان نىيەتلىك ۋە رەزىللىك بولغان خېمىرتۇرۇچ بىلەن ئەمەس، بەلكى سەممىيلىك ۋە ھەقىقەت بولغان پېتىر نان بىلەن تەنتەنە قىلىپ ئۆتكۈزەيلى».

خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەھۇدىي خەلقىگە تاپشۇرغان «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» ئۇلارنىڭ مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغان بايرامدۇر. تەۋرات كالېندارىدا «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»گە يەتتە كۈنلۈك «پېتىر نان ھېيتى» ئۇلىنىپلا كېلىدۇ («مىس.» 12:1-20نى دىققەت بىلەن ئوقۇڭ). بۇ ھېيتلارغا زۆرۈر بولغان تەييارلىقلارنىڭ بىرى ھەر ئۆيدىن بارلىق خېمىرتۇرۇچنى ئەستايىدىللىق بىلەن چۆرۈپ تاشلاشتىن ئىبارەتتۇر. يەھۇدىي ئاياللار قولىغا چىراغ ئېلىپ خېمىرتۇرۇچنىڭ كىچىككىنە بىر تال ئۇۋۇقىمۇ قالدۇرۇلمىسۇن دەپ ئۆز ئۆيىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىدۇ؛ خېمىرتۇرۇچنىڭ كىچىككىنە بىر تال ئۇۋۇقى چىقىپ قالسىمۇ، ئۇ سىرتقا تاشلىنىپ ئۇدۇللۇق كۆيدۈرۈلىدۇ. ئىبادەتخانىدىمۇ سۇنۇلغان ھەرقانداق قۇربانلىقلار ھېچقانداق خېمىرتۇرۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك ئىدى («مىس.» 12:1-20، «لاۋ.» 2:11). ئۇنداقتا، خېمىرتۇرۇچنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟

ھەممىمىزگە ئايانكى، خېمىرتۇرۇچ خېمىرنى كۆپتۈرۈپ ئۇنى بولدۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەردائىم ئادەمنى چوڭچىلىققا ئازدۇرىدىغان، ئادەملەرنى يوغىنىتىدىغان، كۆرەڭلىتىدىغان ھەرخىل گۇناھلارغا ئىنتايىن مۇۋاپىق بىر سىمۋول بولىدۇ. گۇناھ بولسا ئادەملەرنى پەقەت «يوغىنىتىدۇ» (2:5نى كۆرۈڭ). تەۋرات دەۋرىدە خۇداغا ئاتالغان قۇربانلىقلاردا ھېچ خېمىرتۇرۇچ بولماسلىقى كېرەك ئىدى ۋە ئىنجىل دەۋرىدە جامائەتنىڭ خۇداغا بولغان ئىبادەت-خىزمەتلىرىدە ھېچقانداق يوغانچىلىق-چوڭچىلىق، كۆرەڭلىك بولماسلىق كېرەك. جامائەتنىڭ ئۇلى مەسىھنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئايان بولغان بارلىق گۇناھلاردىن

چىقىپ كېتىشىدىن ئىبارەت («2تىم» 19:2). مەسىھكە ئىشىنىمەن دەپ ئىمان-ئېتىقادىنى بىلدۈرۈپ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەن كىشىلەردە خۇدادىن كەلگەن، گۇناھنىڭ ئاسارىتىدىن چىققۇدەك كۈچ-قۇدرەت بولۇشى كېرەك. شۇڭا جامائەت ئىچىدە توۋا قىلماي گۇناھنى ئوچۇق سادىر قىلىۋېرىدىغان بەزىلەر بار بولسا، بۇنداق قىلمىشقا يول قويماسلىق كېرەك؛ بۇنداق كىشىلەرنى جامائەت سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىش ياكى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ (مەسىلەن، «1تىس.» 6:3-12نىمۇ كۆرۈڭ).

ئوقۇرمەنلەر شۇنى چۈشىنىدۇكى، بۇ دېگىنىمىز كونا يوللارنى ئۆزگەرتىشتە قىينىچىلىققا ئۇچرىغاندىمۇ گۇناھ بىلەن بولغان كۈرەشنى توختاتمايدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان ئەمەس؛ ئۇنداق كىشىلەرگە سەۋر-تاقەت ۋە كەڭ قورساقلىق قىلىپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، ھەردائىم مەسىھنىڭ مۇھەببىتىنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك. كۆزدە تۇتقىنىمىز گۇناھدىن ئازاد بولۇشقا كۈرەش قىلىدىغان قېرىنداشلار ئەمەس، بەلكى مەسىھنىڭ خەۋىرىگە ئېتىقاد باغلىدىم دەپ تۇرۇپ، ئوچۇق-ئاشكارە ۋە نومۇسسىزلىق بىلەن گۇناھنى چىڭ تۇتۇۋالغان كىشىلەردۇر. يەنە كېلىپ بۇنداق دېگىنىمىز، تېخى ئېتىقاد قىلمىغانلارنى جامائەت سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىپ قارشى ئېلىشىمىزغا توغرا كەلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس! سورۇنلارغا قاتنىشىپ مەسىھنىڭ تەلىمنى ئاڭلىغۇسى بولغان ئېتىقادسىزلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشىمىز كېرەك.

«ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» بولسا مەسىھدە بولغان نىجاتىمىزنى ئالدىنئالا كۆرسەتكەن بىر «بېشارەتلىك سۈرەت»تۇر. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا كەلگەن (يەتتە كۈن داۋام قىلىدىغان) «پېتىر نان ھېيتى» بولسا شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ بىرلىكتە توۋا قىلغان ھالدا «سەممىيلىك ۋە ھەقىقەت بولغان (دېمەك، بۇلارغا سىمۋول بولغان) پېتىر نان بىلەن» داۋاملىشىدىغان خۇداغا باغلانغان تۇرمۇشىمىزنى ئالدىنئالا كۆرسەتكەن يەنە بىر «بېشارەتلىك سۈرەت»تۇر.

روسۇلنىڭ ئاددىي بىرلا جۈملىسىگە قۇلاق سالساق، مۇشۇنداق تۇرمۇش جەريانىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ: —

«چۈنكى كىم سىېنى باشقا بىرسىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ؟ ساڭا ئاتا قىلىنمىغان نەرسىدىن باشقا سەندە يەنە نېمە بار؟ ھەممە ساڭا بېرىلگەن تۇرسا، نېمىشقا «مەندە ئەسلى بار ئىدى» دەپ پەخىرلىنىپ كۆرەڭلەپ كېتىسەن؟» (7:4).

بارلىق ھەقىقەتلەر ئىچىدە بۇ ئەڭ ئاددىلىرىنىڭ بىرى ئەمەسمۇ؟ لېكىن مانا بۇ ھەقىقەتنىڭ ئىنسانىي تەكەببۇرلۇقىنىڭ يىلتىزىنى قانچىلىك چوڭقۇر كېسىپ ئۈزىدىغانلىقىغا قاراڭ! بۇ ھەقىقەتكە قۇلاق سالساقلا بىزدە شۆھرەتپەرەسلىك، بىرىمىز بىھۇدە خام خىيال قالدۇرۇلمايدۇ؛ چۈنكى ھەممە نەرسىمىز، مەيلى «تەبىئىي تالانت» ياكى «روھىي ئىلتىپات» بولسۇن، ھەممىسى خۇدانىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ، شۇڭا بىز ئۇنىڭغىلا بارلىق شان-شەرەپنى كەلتۈرىمىز. كىچىك پېئىللىق بولسا «بىزدە ھېچ تالانت-ئىلتىپات يوق» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشلارنىڭ بارلىقى تاپەيلىدىن تالانت-ئىلتىپات بەرگۈچىگە شان-شەرەپ قايتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

### 3-2:6 «مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ دۇنيانى سوراق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ئەگەر دۇنيا سىلەر تەرىپىڭلاردىن سوراققا تارتىلىدىغان بولسا، ئەمدى زىغىرچىلىك ئىشلارنى ھەل قىلىشقا يارىمامسىلەر؟ پەرىشتىلەر ئۈستىدىنمۇ ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسىلەر؟ ئەمدى بۇ ھاياتتىكى ئىشلارنى ھەل قىلىش قانچىلىك ئىش ئىدى؟!»

بۇ بايانغا ئوقۇرمەنلەر بەلكىم خېلى ھەيران قالىدۇ؛ ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئىشەنگۈچىلەرنىڭ مەسىھنىڭ دۇنيا ۋە پەرىشتىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە ھەمراھلىقى ياكى ھەمكارلىقى بولىدۇ («زەبۇر» 149-كۈيىنىمۇ كۆرۈڭ).

«2كور.» 20:5دە پاۋلۇس «مەسىھنىڭ سوراق تەختى»نى تىلغا ئالىدۇ؛ ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ تەخت ئالدىدا ھېساب تاپشۇرۇپ تېنىدە قىلغان ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى بويىچە ئىنئام قوبۇل قىلىدۇ. مەنتىقە بويىچە بۇ سوراق بارلىق باشقا سوراقلاردىن ئاۋۋال يۈز بېرىشى كېرەك. باشقا روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقلىرى بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ — «سوراق بولسا خۇدانىڭ ئۆز ئۆيىدىكىلەردىن باشلىنىدۇ» («1پېت.» 17:4). خۇدانىڭ مۇتلەق پاك-مۇقەددەسلىكىدىكى ئوت ئالدىدا تۇرغانلار ۋە شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۆز بارلىق گۇناھلىرىدىن پۈتۈنلەي پاكلاندۇرۇلغانلارلا مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئىشلار (دۇنيانى سوراققا تارتىش) غا ھەمراھ بولۇشقا لايىق بولالايدىغان بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا

قاراپ، پاۋلۇس زور ئۈلۈغ بىر پرىنسىپنى كۆرسىتىدۇ — بىزلەر بۇ دۇنيادىن كەتمەيلا جامائەتتە، ھەتتا جامائەتتىكى ئەڭ ئاددىي ئەزالاردا خۇدانىڭ ھەقىقىي دانالىقى ئاللىقاچان ئايان بولۇشى كېرەكتۇر. ئۇ: «ئاراڭلاردا جېدەللەر پەيدا بولسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورايدۇ — «جامائەتتىكى ئەڭ ئاددىي كىشىلەرنى بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشقا بېكىتمەمسىلەر؟» (4:6)

ئادەملەر مەسىھنى ھەقىقەتەن ئىزدەپ تۇۋا قىلغان بولسا ئۇلاردا قانچە چوڭ ئۆزگىرىشلەر ھاسىل بولىدىغانلىقى مۇشۇ يەردە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ ئەخمەقانىلىك دانالىققا ئايلاندۇرۇلىدۇ؛ ھەربىر جامائەت زور پايدىلىق تەربىيە ۋە پاراسەتنىڭ بۆلىقى بولۇشقا ئۆسۈپ چىقىدۇ.

## 13:6 «يېمەكلىكلەر ئاشقازان ئۈچۈن، ئاشقازان بولسا يېمەكلىكلەر ئۈچۈندۇر»؛ ئەمما خۇدا ئۇ ۋە بۇ ھەر ئىككىسىنى يوقىتا چىقىرىدۇ؛ تەن بولسا بۇزۇقلۇق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەب ئۈچۈندۇر؛ رەب تەن ئۈچۈندۇر»

ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى بۇ بايانغا تارتماقچىمىز، چۈنكى بىز ياكى باشقىلار ئاغرىپ قالىدىغان بولساق، ئۇ بىزگە قانداق توغرا دۇئا قىلىشىمىزغا يورۇقلۇق بېرىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، خۇدانىڭ ئىشەنگۈچى ئۈچۈن بولغان ئىرادىسى روسۇل يۇھاننانىڭ 3-مەكتۇپىدا ئىپادىلىنىدۇ: «قەدىرلىك دوستۇم، روھ-قەلبىڭ ساغلام بولغاندەك، ھەممە ئىشلىرىڭنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە تېنىڭنىڭ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشمەن» (2-ئايەت).

ھالبۇكى، شۇنداق ئەھۋاللار بولىدۇكى، ئىشەنگۈچىلەر كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا بىز ھېچ ئويلانمايلا «مېنى ساقايتقايسەن» دەپ تىلەۋەرمەسلىكىمىز كېرەك، بەلكى ئاۋۋال رەبدىن، مەندە سەن بىلەن بولغان ئالاقەمگە توسالغۇ بولغان، سەل قارىغان گۇناھىم بارمۇ دەپ سورىشىمىز، ئاندىن بار بولسا قولىمىزدىن كەلگىنىچە ئۇنى تۈزىتىشكە ئىنتىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن خۇدادىن شىپا-سالامەتلىكنى تىلەشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، رەب بىر چۈشەنمەيدىغان يۈكسەك سەۋەبلەر بىلەن بىزنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىمىزغا بەزىدە يول قويىدۇ («ئايۇپ» 2-باب، «2كور.» 12:7-10). ئەمما بىر ھازىر قاراۋاتقان ئايەت بىزگە شىپا-سالامەتلىكنى تىلەشكە رىغبەت بېرىشى كېرەك؛ بىزنىڭ تەن

سالامەتلىكىمىزنى تىلىشىمىزدىكى مەقسەت ئۆز شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تېنىمىز رەبنىڭ شان-شەرىپىنى كەلتۈرىدىغان ئۈنۈملۈك قورالى بولسۇن ئۈچۈن بولسا، ئەمدى «تەن بولسا.... رەب ئۈچۈن» بولغاندەك، ئۇخشاشلا قادىر رەببىمىز «تەن ئۈچۈندۇر» — ئۇنىڭ زور كۆچى بىزلەرنىڭ بۇ ئاجىز، زەئىپلىشىشۋاتقان ئۆلىدىغان تەن ئەزالىرىمىزدا روھ ئارقىلىق ئىشلىمەكتە («رىم.» 11:8).

## 7-باب: نىكاھ، ئەر-ئاياللىق، تەنھالىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە

بۇ قىسمىدا پاۋلۇس يەنە كورىنتتىكى جامائەتنىڭ بەزى سوئاللىرىغا، يەنى ئەر-ئاياللىق، تەنھالىق مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدا ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك ھەم تولىمۇ ئەمەلىي تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن چوڭقۇر مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بەزى قېرىنداشلار پاۋلۇسنىڭ 10- ۋە 12-ئايەتتىكى: «مەن ئېيتىمەن.. ئەمما مەن ئەمەس... رەب (بۇنى) ئېيتىدۇ...»، «مەن ئېيتىمەن، رەب بۇنى ئېيتقان ئەمەس...» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ يەتمەيدۇ. شۇلارنى يەنە كۆرەيلى: —

(10) «ئەمما نىكاھلانغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا مەن شۇنى تاپىلايمەنكى، — (بۇ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تاپىلىغىنىم ئەمەس، يەنىلا رەبنىڭكى)، ئايال ئېرىدىن ئاجراشمىسۇن...»

(12) «قالغانلىرىڭلارغا كەلسەك، مەن شۇنى ئېيتىمەنكى (بۇ رەبنىڭ ئېيتقىنى ئەمەس)، قېرىنداشنىڭ ئېتىقادسىز ئايالى بولسا ۋە ئايالى ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋېرىشكە رازى بولسا، ئۇ ئۇنى قويۇپ بەرمىسۇن...»

بەزىلەر بۇ ئاخىرقى سۆزلەرنى شەرھلەپ، پاۋلۇس پەقەت ئۆز ھوقۇقى بىلەنلا بۇ ئىشلارنى ئېيتىۋاتىدۇ، دەيدۇ. بۇ كۆزقاراش ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراق. ئۇ ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ تولۇق ھوقۇقى بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز كېرەكتۇر.

رەب ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىدە تەندە بولغان ۋاقىتتا نىكاھلىق ھەم ئەر-ئاياللىق توغرۇلۇق، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات-قانۇنى تەلەپلىرىدىن ھالقىغان كۆپ تەلىملەرنى بەردى. بۇ تەلىملەرنى مۇنداق يەكۈنلەشكە بولىدۇ: —

(1) خۇدا تالاق قىلىشقا ئۆچتۇر. مۇسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن ئىسرائىللارنىڭ تالاق بېرىشكە يول قويغىنى بىلەن، بۇ رۇخسەت ئۇلارنىڭ تاش يۈرەكلىكى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرغا چىققان. بۇلارنىڭ تاش يۈرەكلىكىنى خۇدا ئوبدان بىلەتتى. خۇدانىڭ خاراكتېرىنى ۋە ھەرتەرەپلىك پەزىلەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر تولۇق تەلەپنى ئۇلار پەقەت ئاڭلىيالمايتتى ھەم كۆتۈرەلمەيتتى. ئەمما مەسىھ يېتىپ كەلگەندە خۇدانىڭ بارلىق ئەمر-تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان يېڭى قەلب ۋە ھاياتنى ئېلىپ كېلىدىغان يېڭى ئەھدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن كونا تاش يۈرەك مەڭگۈ يوقىغان بولىدۇ. شۇڭا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلار بىر-بىرىدىن ھەرگىز ئاجراشماسلىقى كېرەك («مات.» 31:5، 1:19-12، «مار.» 1:10-12).

(2) بۇ ئەمردىن بىردىنبىر مۇستەسنا بولغىنى: — ئەگەر ئېتىقادچى ئەر ياكى ئايال توي قىلغاندىن كېيىن ئاشنىدارچىلىق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ساداقەتسىزلىك گۇناھلىرىنى سادىر قىلغان بولسا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاجرىشىش (ئاندىن ئۆۋال قىلىنغان جورىنىڭ باشقا بىر ئېتىقادچى بىلەن توي قىلىشى) بۇ ئەمرنىڭ سىرتىدا بولىدۇ. ئەمما رەب شۇنداق قىلىش زۆرۈر دېمىگەن. («مات.» 9:19)

«كورىنتلىقلارغا» دېگەن قىسمىدا روسۇل پاۋلۇس رەب ئەيسا ئۆز تەلىمىدە ئېيتمىغان بىردىنبىر ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىدۇ — دېمەك، ئەسلىدە ئېتىقادسىز بولغان ئەر-ئايالنىڭ بىر جورىسى ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. ئىككىسى ئېتىقادسىز ھالدا توي قىلغان، ئەمما ھازىر بىر جورىسى ئېتىقاد قىلغان (شۇڭا يېڭى، مېھىر-شەپقەتلىك قەلبلىك بولغان) ۋە بىر جورىسى تېخى ئېتىقادسىز (شۇڭلاشقا بەلكىم قاتتىق كۆڭۈللۈك — «مات.» 8:19نى يەنە كۆرۈڭ) قالغان بولسا (12-17)، ئىشەنگەن جورىسى ئىشەنمىگەن جورىسىدىن ئايرىلىشى كېرەكمۇ؟ جاۋاب — ياق. ئىشەنمىگەن جورا ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتىن رازى بولسا ئىشەنگۈچى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشى كېرەك. ئەمما ئىشەنمىگەن جورىسى ئىشەنگەن جورىسىنىڭ ئېتىقادىدىن نارازى بولۇپ، ئاۋارىچىلىك چىقىرىپ ئەر-ئاياللىقنى ساقلاشقا ئېتىقادنى تاشلاشنى شەرت قىلسا، ئۇنداقتا ئىشەنگۈچىنىڭ جېدەلسىز ئاجرىشىشقا قوشۇلۇشىغا توغرا كېلىدۇ؛ بۇ ئاجرىشىش ئۆزى چىقىپ كېتىشى ياكى جورىسىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن بولىدۇ. ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «(ئېتىقادچى) قېرىنداش ئاكا-ئۇكىلار، ھەدە-سىڭىللار

نىكاھ مەجبۇرىيىتىگە باغلىنىپ قالغان بولمايدۇ» (15). بەزىلەر بۇ سۆزنى، ئۇلارنىڭ بۇ نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى يوق، ئۇنىڭدىن ئامان-تىنچلىق بىلەن ئايرىلسا بولىدۇ؛ ئەمما ئىلگىرىكى جورىسى ئالەمدىن ئۆتمىگۈچە قايتىدىن توي قىلىش ئەركىنلىكى بولمايدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمما «باغلىنىپ قالغان» دېگەن سۆز 39-40-ئايەتتە ئىشلىتىلگەن يەردە ئوخشاش مەنىدە بولۇشى كېرەك؛ ئاشۇ يەردە «ئېرى ھايات چاغدا ئايالى ئۇنىڭغا باغلانغاندۇر» دېگەنلىكتۇر («باغلانغان» گرېك تىلىدا باشقا سۆز بولسىمۇ ئوخشاش ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ). 39-40دە ئېرى ئۆلسە، ئايالى خالىسا «رەبدە» باشقىغا تېگىشكە «ئەركىن» بولىدۇ — دېمەك، ئۇ رەبنىڭ يولىيورۇقى ۋە دانالىقى بىلەن، ئېتىقادچى قېرىنداشقا تېگىشكە ئەركىندۇر. بىز ئوخشاشلا 15-ئايەتتىكى «باغلىنىپ قالغان ئەمەس» دېگەنني، باشقا بىرسىگە (ئېتىقادچى بولسا) تېگىشكە ئەركىن بولىدۇ، دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.

(بۇ تەلىمنىڭ باشقا تەرىپى بولسا، ئىشەنگۈچىلەر (باشقا بىرسىگە تېگەي دېسە قانداقلا بولمىسۇن باشقا ئىشەنگۈچىگە تېگىشى زۆرۈر («2كور.» 4:6نىمۇ كۆرۈڭ). ئەگەر نىكاھقا مەجبۇرلانغان بولسا ئىشەنگۈچىنىڭ ئەھۋالى بەلكىم 12-17-ئايەتتە كۆرسەتىلگەن ئىشەنمىگەن جورىسى بار بولغان ئەر ياكى ئايالنىڭكىگە ئوخشاش دەپ قاراشقا بولىدۇ).

36-38-ئايەتنىمۇ كۆرەيلى: —

«ئەمما ئەگەر بىرسى نىيەت قىلغان قىزغا نىسبەتەن مۇئامىلەمنىڭ دۇرۇس بولمىغان يېرى بار دەپ قارىسا، ئۇ قىز ياشلىق باھارىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئىككىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن، ئۇ گۇناھ قىلغان بولمايدۇ؛ ئۇلار نىكاھ قىلسۇن. بىراق، بىرسى ئۆز كۆڭلىدە مۇقىم تۇرۇپ، ھېچقانداق ئىشق بېسىمى ئاستىدا بولماي، بەلكى ئۆز ئىرادىسىنى باشقۇرۇپ، كۆڭلىدە نىيەت قىلغان قىزنى ئەمرىگە ئالماسلىقنى قارار قىلغان بولسا، ياخشى قىلغان بولىدۇ. قىسقىسى، ئۆيلەنگەننىڭ ئۆيلەنگىنىمۇ ياخشى ئىش، ئۆيلەنمىگەننىڭ ئۆيلەنمىگىنىمۇ تېخىمۇ ياخشى ئىش».

بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە سەل توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بەزىلەر 36-38-ئايەتلەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى پاك قىزنىڭ دادىسى ئۇنى «خۇدانىڭ يولىدا كۆپرەك

خىزمەت قىلسۇن» دەپ ياتلىق بولۇشقا يول قويمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما مۇنداق چۈشەنچىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايمىز. چۈنكى خۇدانىڭ يولىدا توي قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچكەن، ئۆزىنى قۇربانلىق قىلغۇچى، «ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇچى» كىشى بەربىر ئاتا ئەمەس، بەلكى قىز ۋە ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىت بولىدۇ! ئاتا بۇ ئىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن رەببىنىڭ خىزمىتىدە تېخىمۇ «كۆڭلى بۆلۈنمىگەن ھالدا» بولۇشى ناتايىن. شۇڭا بىز يۇقىرىقىدەك تەرجىمە قىلدۇق. بەزى ئالىملار يەنە «(پاك) قىز» دېگەننى «تەنھالىق» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ تەرجىمىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار. بىراق ئاساسىي مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇكى، ئەر كىشى ياكى قىز رەببىنىڭ خىزمىتىدە كۆپرەك بولاي دەپ توي قىلماسلىققا نىيەت قىلىشتىن ئىبارەت.

## 2:8 ««مېنىڭ بىلىمىم بار» دەپ ھېسابلىغان كىشى، ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى تېخى بىلىشكە تېگىشلىك دەرىجىدە بىلمىگەن بولىدۇ»

بۇ كىچىك ئايەت ئۈستىدە توختىلىش پايدىلىقتۇر؛ چۈنكى بۇ ئايەت مەكتۇپتىكى باشقا كۆپ ئايەتلەردەك، كۆزىمىز تېخى يەتمىگەن باشقا دۇنيالارنى كۆرىدىغان بىر دېرىزىنى ئاچىدۇ. پاۋلۇس رەب ئەيسادىن قالسىلا، خۇدانىڭ كالام-ۋەھيىلىرى ئەڭ كۆپ تاپشۇرۇلغان ئىنسان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ باياننى، پەقەت باشقىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ قارىتىپ ئېيتقان. ئۆزىدە شۇنچە كۆپ ۋەھيي ۋە ئىلىم-بىلىم بولغىنى بىلەن، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى، خالاس، دەيدۇ.

خۇدا بىزگە شۇنچە مول بىلىم ۋە ۋەھيىلەرنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭغا مىڭ تەشەككۈر ئېيتىمىز؛ ئەمما بىز بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىمىزكى، بىز ھەقىقەتتە پەقەت ئۇلۇغ ئوكياننىڭ قىرغىقىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئۇنىڭ چوڭقۇر تەگلىرىگە چۆمۈشنى تېخى ھېچ باشلىمىدۇق. بىز ھەرگىز ئەخمەقلەرچە كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، خۇدا بىزگە شۇنداق بىر ئاڭنى بەرگەي!

## 12-1:10 «بىشارەتلىك ۋەقەلەر» ـ ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن چىقىپ، چۆل-باياۋاندىن ئۆتكەندىكى ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىشى

بۇ ساۋاقلار ۋە «بىشارەتلىك سۆرەتلەر»نى ئوبدانراق چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇرمەن تەۋرات «مىس.» 12-17-باب، 32-33-باب، «چۆل.» 11-، 20-، 21-بابلارنى ئاۋۋال ئوقۇسا كۆپ ياردىمى بولىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇھىم ئىشلارنى بىزگە سۆز بىلەن ئالدىنئالا كۆرسىتىدىغانلىقى تونۇلغان گەپ. ئەمما مۇشۇ يەردە پاۋلۇس بىزگە، خۇدا ئۆزى بەزى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېكىتكەنكى، بۇ ۋەقەلەر كەلگۈسى زامانلاردا تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىش-ۋەقەلەرنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدىغان بىرخىل «بىشارەتلىك سۆرەت» بولىدۇ، دەيدۇ. «ئەمدى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ (ئىسرائىللارنىڭ) بېشىغا بىشارەتلىك مىساللار سۈپىتىدە چۈشكەن ۋە ئاخىرقى زامانلار بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بىزلەرنىڭ ئۇلاردىن ساۋاق-ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن خاتىرىلەنگەندى».

پاۋلۇس ئىسرائىلنىڭ بېشىغا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ كېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى، كەلگۈسىدىكى جامائەتنىڭ شۇلاردىن ساۋاق-ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈندۇر، دەيدۇ! «بىشارەتلىك سۆزلەر»نى بىرەلەيدىغان پەقەت خۇدا، ئەلۋەتتە؛ ئەمما «بىشارەتلىك ۋەقە»لەرنى يۈز بەرگۈزۈشىدە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى تېخىمۇ روشەن كۆرۈنگەن ئەمەسمۇ!

مۇسا ۋە ئىلياس پەيغەمبەرلەر رەب ئەيسانىڭ ئۆلۈمگە يېقىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن («مات.» 17-باب، «ماركۇس» 9-باب، «لۇقا» 9-باب)؛ ئۇلارنىڭ مۇزاكىرە قىلغان مۇھىم تېمىسى ئۇنىڭ ئۆلۈمى بولغان. شۇ يەردە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تەسۋىرلىگەن سۆز بولسا «چىقىش» ئىدى («لۇقا» 31:9). گرېك تىلدا «ئەكسودۇس» دېيىلىدۇ. بۇ ئالاھىدە سۆز تەۋراتتىكى «مىسىردىن چىقىش»نى كۆرسىتىدۇ. مانا ئۇ ئىسرائىلنىڭ مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، خۇدا بېكىتكەن يېڭى يېتەكچى (مۇسا) ئارقىلىق ئازادلىققا چىقىشىدىكى ۋەقەلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە بىر ئاچقۇچتۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەسىھدە بولغان تېخىمۇ ئۇلۇغ قۇتقۇزۇلۇشنى كۆرسەتكەن «بىشارەتلىك ۋەقە» بولىدۇ؛

بۇ ئىككىنچى «چىقىش» خۇدانىڭ خەلقىنىڭ مەسىھنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىسىردىن ئەمەس، بەلكى گۇناھ ۋە شەيتاننىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدىكى ئەركىن-ئازادلىقىغا چىقىشتىن ئىبارەت.

خۇدانىڭ «مىسىردىن چىقىش»تا يۈرگۈزگەن ئۈچ قۇتقۇزغۇچى ۋاستىسى مۇنداق: —

(ئا) قوزىنىڭ قېنى (پاۋلۇس مۇشۇ يەردە بۇ توغرۇلۇق توختالمايدۇ، ئەمما «1پېت.» 19:1نى كۆرۈڭ). («مىس.» 7:12، 13)

(ئە) كۈندۈزدە بۇلۇت، كېچىدە ئوت تۈۋرۈكى («مىس.» 13:21-22).

(ب) قىزىل دېڭىز؛ ئىسرائىل ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ قۇتقۇزۇلغان، مىسىرلىقلار ئۇنىڭدا غەرق بولغان («مىس.» 14-باب).

بۇ ئۈچ ۋاستە، شۈبھىسىزكى، تۆۋەندىكىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: —

(ئا) مەسىھنىڭ قېنى؛ (ئە) مۇقەددەس روھ؛ (ب) مەسىھنىڭ ئۆلۈمى. بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز «خۇدانىڭ قۇربانلىق قوزىسى» بولغان مەسىھنىڭ قېنى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن بىز قايتىدىن يېڭى ھاياتقا تۇغۇلىمىز؛ بۇ يېڭى ھاياتتا ئىنسانىنىڭ جېنىغا بولغان دۈشمەنلىرى، يەنى گۇناھ، ئىبلىس، جىنلار كۈچسىز قالدۇرۇلىدۇ. پىرەۋن قىزىل دېڭىز ئارقىلىق كۈچ-قوشۇنسىز قالدۇرۇلغان؛ مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق شەيتانمۇ ئىتىقادچىنى باشقۇرغۇدەك كۈچىدىن قالدۇرۇلىدۇ.

**(1:10-2) «چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، مەن سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇلۇت ئاستىدا يۈرگەنلىكىدىن ۋە ھەممىسىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ماڭغانلىقىدىن خەۋەرسىز يۈرۈشۈڭلارنى خالىمايمەن؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇلۇتتا ھەم دېڭىزدا مۇسانىڭ يېتەكچىلىكىگە چۆمۈلدۈرۈلگەن...»**

مانا بۇ «قايتىدىن تۇغۇلۇش»نى كۆرسىتىدىغان ۋە شۇنىڭدەك «سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش» ھەم «روھقا چۆمۈلدۈرۈلۈش»نىڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۈيۈك «بېشارەتلىك سۈرەت»تۇر. «چۆمۈلدۈرۈش» بولسا ھەردائىم زور كۈچلۈك بىر ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى؛ ئۇلار كونا قۇلدار زومىگەرنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ، خۇدانىڭ ئەھدىسىدە بىكىتىلگەن، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا يېڭى ھاياتقا چىقتى. ئىسرائىلنىڭ «دېڭىزغا چۆمۈلدۈرۈلۈش»ى بىزنىڭ مەسىھنىڭ

ئۆلۈمگە چۆمۈلدۈرۈلۈشىمىزنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بىز سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق ۋە خۇدانىڭ روھى (بۇلۇت ۋە ئوت)نىڭ ۋاستىسى ۋە چۆمۈلدۈرۈلۈشى بىلەن بىز شەيتاننىڭ ئىلىك-ئاسارەتلىرىدىن قۇتقۇزۇلۇپ خۇدانىڭ يېڭى ئەھدىسىدە بېكىتىلگەن مەسىھنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا يېڭى ھاياتقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا چىقىمىز.

«سىلەر بىلمەمسىلەر؟ ھەرقايسىمىز مەسىھ ئەيساغا كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلگەن بولساق، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىچىگە چۆمۈلدۈرۈلدۇق» («رىم.» 2:6).

(4-3:10) «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش روھىي تائامنى يېگەن («ماننا» — («مىس.» 16-باب)، ھەممىسى ئوخشاش روھىي ئىچىملىكنى ئىچكەن؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئەگىشىپ يۈرگەن روھىي ئۇيۇلتاشتىن ئىچەتتى (ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ ئۇيۇلتاش مەسىھنىڭ ئۆزى ئىدى)».

(«مىس.» 1:17-7نى كۆرۈڭ). ئىسرائىل چۆل-باياۋاندا بولغان سەپەرلىرىدىمۇ جامائەتنى كۆرسىتىدىغان بىر سۈرەت ئىدى. بۇ سۈرەت بولسا جامائەتنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئۆز كالام-سۆزلىرى ۋە ئۇزۇلمەس ئالاقىسى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقىغا، مەسىھنىڭ ئۆزىدىن مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئىچىدىغانلىقىغا كۆچلۈك ئىپادە بولىدۇ («يۇھ.» 14:4، 35:6، 37:7-38، «1كور.» 13:12).

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇكى، ئىسرائىللاردا پەقەت ئۇلارنى يېتەكلەيدىغان «بۇلۇتلۇق، ئوتلۇق تۈۋرۈك»لا بولۇپ قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدىغان، ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان «روھىي ئۇيۇلتاش»مۇ بار ئىدى!

(5:10) «شۇنداقتىمۇ، خۇدا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن رازى بولمىغانىدى؛ چۈنكى «ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى چۆل-باياۋاندا چېچىلىپ قالغان»».

گەرچە بۇنداق ئۇلۇغ قۇتقۇزۇلۇشلار ۋە چەكسىز تەمىنلەشلەر بولغان بولسىمۇ، شۇنداق خەتەرلەر يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇكى، ئىنسانلار مەنبەلەرنىڭ مەنبەسى بولغۇچىدىن تېنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن! تۆۋەندىكى مىساللاردا بۇ تەرەپلەر تەكىتلىنىدۇ: —

(6:10) «ئەمما بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ بېشىغا بىزلەرگە مىسال-بېشارەت بولسۇن ئۈچۈن چۈشكەندى؛ بۇنىڭدىن مەقسەت بىزنىڭ ئۇلارنىڭ يامان ئىشلارغا ھەۋەس قىلغىنىدەك ھەۋەس قىلماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر».

(7:10) «سىلەر يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئوخشاش بۇتقا چوقۇنىدىغانلاردىن بولماڭلار؛ بۇلار توغرۇلۇق: «خەلق يەپ-ئىچىشكە ئولتۇردى، ئاندىن كەيپ-ساپاغا تۇردى» دەپ پۈتۈلگەن».

(«مىس.» 6:32)

(8) «بىز يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلغىنىدەك بۇزۇقچىلىق قىلمايلى؛ شۇ ۋەجدىن ئۇلاردىن يىگىرمە ئۈچ مىڭ كىشى بىر كۈندىلا ئۆلدى».

(بۇ ۋەقە «چۆل.» 5:21-9دە خاتىرىلىنىدۇ)

(9) «يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەسىھنى سىنىغىنىدەك ئۇنى سىنىمايلى؛ شۇ سەۋەبتىن ئۇلار يىلانلارنىڭ چېقىشى بىلەن ھالاك بولدى».

(«چۆل.» 5:21-9)

(10) «يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاغرىنغاندەك ئاغرىنىپ قاقشىماڭلار — نەتىجىدە، ئۇلار جان ئالغۇچى پەرىشتە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى».

(«چۆل.» 41:16-50)

(11-12) «ئەمدى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بېشىغا بېشارەتلىك مىساللار سۈپىتىدە چۈشكەن ۋە ئاخىرقى زامانلار بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بىزلەرنىڭ ئۇلاردىن ساۋاق-ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن خاتىرىلەنگەندى. شۇنىڭ بىلەن «مەن ئېتىقادتا چىڭ تۇرىمەن» دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن ھېزى بولسۇن!».

## يەپ-ئىچىشكە باغلىق پرىنسىپلار (1:11-25:10)

ئىنجىلدا يەپ-ئىچىشىمىزدە خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈلسۇن دەپ بىرنەچچە پرىنسىپلار بىزگە تاپشۇرۇلغان. ئۇلاردىن ئۈچىنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلىسەك پايدىسى بولۇپ قالار.

## پرىنسىپ (1): ـ ئېتىقاد ۋە ئەركىنلىك

ئەگەر ئىمان-ئىشەنچ بىلەن خۇداغا تەشەككۇر ئېيتساق، ھەرقانداق تائاملارنى يېگىلى بولىدۇ.

(26ـ25:10) «گۆش بازىرىدا سېتىلغان ھەربىرنەرسىنى ۋىجدانىڭلارنى دەپ ئۇلتۇرماي، ھېچنېمىنى سوروشتە قىلماي يەۋېرىڭلار. چۈنكى «جاھان ۋە ئۇنىڭغا تولغان ھەممە مەۋجۇداتلار پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر» دەپ پۈتۈلگەن».

«مار.» 7:14ـ23دە رەب ئەيسا ئىنساننى نېمە ئىشلارنىڭ بۇلغايدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئىشلارنىڭ بۇلغىمايدىغانلىقىنى كېسىپ بايان قىلدى: —

«ئاندىن ئەيسا خالايىقنى يەنە يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا:

— ھەممىڭلار ماڭا قۇلاق سېلىڭلار ۋە شۇنى چۈشىنىڭلاركى، ئىنساننىڭ سىرتىدىن ئىچىگە كىرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھېچقاندىقى ئۇنى ناپاك قىلمايدۇ، بەلكى ئۆز ئىچىدىن چىقىدىغان نەرسىلەر بولسا، ئۇلار ئىنساننى ناپاك قىلىدۇ. ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن!

— دېدى.

ئۇ خالايىقتىن ئايرىلىپ ئۆيگە كىرگەندە، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭدىن بۇ تەمسىل ھەققىدە سورىدى. ئۇ ئۇلارغا:

— سىلەرمۇ تېخىچە چۈشەنمەي يۈرۈۋاتامسىلەر؟! سىرتتىن ئىنساننىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇنى ناپاك قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەيۋاتامسىلەر؟ سىرتتىن كىرگەن نەرسە ئىنساننىڭ قەلبىگە ئەمەس، ئاشقازىنىغا كىرىدۇ، ئاندىن ئۇ يەردىن تەرەت بولۇپ تاشلىنىدۇ، — دېدى (ئۇ بۇ گەپنى دېيىش بىلەن، ھەممە يېمەكلىكلەرنى ھالال قىلىۋەتتى).

ئۇ يەنە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىدىغىنىلا، ئىنساننى ناپاك قىلىدۇ. چۈنكى شۇلار ـ يامان نىيەتلەر، جىنسىي بۇزۇقچىلىقلار، زىناخورلۇق،

قاتىللىق، ئوغرىلىق، ئاچكۆزلۈك، رەزىللىكلەر، ئالدامچىلىق، شەھۋانىيلىق، ھەسەتخورلۇق، تىل-ئاھانەت، تەكەببۇرلۇق ۋە ھاماقەتلىكلەر ئىنساننىڭ ئىچىدىن، يەنى ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىدۇ ــ بۇ رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ئۆزىنى ناپاك قىلىدۇ»

مەسىھ ئەيسا مۇشۇ سۆزنى قىلغاندىن باشلاپ، ھەرقانداق ئىشەنگۈچى، يەھۇدىي بولسۇن، «يات ئەللەر»دىن بولسۇن، ئۇلاردىن مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇننىڭ تائام پەرھىزلىرى (مەسىلەن ئات، چوشقا، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنى ھارام ھېسابلاش) گە بويسۇنۇش تەلەپ قىلىنغان ئەمەس.

بۇ پرىنسىپ روسۇل پاۋلۇس تەرىپىدىن قايتىلىنىدۇ، مەسىلەن «رىم.» 14:14دە: «رەببىمىز ئەيسادا بولغانلىقىمدىن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەندۈرۈلۈپ بىلىمەنكى، ھەرقانداق نەرسە ئۆزلىكىدىن ھارام ئەمەستۇر؛ لېكىن بىر نەرسىنى ھارام دەپ قارىغان كىشى ئۈچۈن، ئۇ ئۇنىڭغا ھارامدۇر...».

يەنە «رىم.» 22:14-23دە: «سېنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ ئەمدى بۇ ئىشەنچ خۇدا بىلەن سېنىڭ ئاراڭدىكى ئىشتۇر. ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى توغرا دەپ قارىغان، شۇنىڭدىن ۋىجدانىمۇ ئەيىبكە بۇيرۇلمىغان كىشى نىمدېگەن بەختلىك-ھە! لېكىن يېمەكلىكتىن گۇمانلىنىپ تۇرۇپ يەنە شۇنى يېگەن كىشى ئەيىبكە بۇيرۇلىدۇ، چۈنكى بۇنى ئىشەنچ بىلەن يېمىگەن. ئىشەنچتىن بولمىغان ھەرقانداق ئىش گۇناھتۇر»

«1تىم» 4-بابتىن: «چۈنكى خۇدا ياراتقان ھەممە نەرسە ياخشىدۇر، ئۇلار تەشەككۇر بىلەن قوبۇل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەكلەپ رەت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ سۆزى ۋە ئىنسانلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ھالال قىلىنىدۇ. بۇ نەسىھەتلەرنى قېرىنداشلارنىڭ سەمىگە سالساڭ، مەسىھ ئەيسانىڭ ياخشى خىزمەتكارى بولغان بولىسەن. شۇنداقلا، ئۆزۈڭنىڭ ئەستايىدىل ئەگەشكەن ئېتىقادتىكى ۋە ساغلام تەلىملەردىكى سۆزلەر بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈلگەنلىكىڭ ئايان بولىدۇ... بۇ ئىشلارنى جامائەتكە تاپىلىغىن ۋە ئۆگەتكىن» (4-6، 11).

## پرىنسىپ(2): - ئېتىقادتا ئاجىز بولغانلارغا كۆيۈنۈش

ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەرقانداق تائاملارنى يېيىشكە ئەركىنلىكى بولغىنى بىلەن، باشقا ئىشلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشلارنى روسۇل پاۋلۇس «رىملىقلارغا» 14-بابتا ۋە بۇ خەتتىكى 8-بابتا كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى يەكۈنلىسەك، خالىغان تائاملارنى يېيىشكە ئەركىن بولدۇق دەپ ئىشەنسەكمۇ، باشقا ئىشەنگۈچىلەرگە ھەرىكەتلىرىمىز تۈپەيلىدىن ئازار بېرىپ قويغۇدەك ياكى ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاجىز قىلىپ قويغۇدەك بولساق، بىز شۇ قېرىندىشىمىزغا ئازغىنە مېھىر-مۇھەببىتىمىز بولسىلا ئۇ تاماقنى يېمەسلىكىمىز كېرەك.

چۈشىنىشىمىز كېرەككى، «ئېتىقادتا ئاجىز بولغانلار» بولسا بەزىدە ئىنتايىن كۈچلۈك پىكىردە، مەسىلەن، نېمە نەرسىلەرنى ئىچكىلى ياكى يېگىلى بولىدۇ دېگەن كۈچلۈك پىكىردە بولۇشىمۇ مۇمكىن! «چوشقا گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ» دېگەن بىرسى بىزنىڭ جامائەتىمىزگە قاتناشقان بولسا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چوشقا گۆشىنى يېسەك، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق سۇ سەپكەن بولىمىز، ئۇنداقتا بىزدە قانداقمۇ مۇھەببەت بار دېگىلى بولسۇن؟ ھەرقانداق مېھمانلار داستىخىنىمىزدا خاتىرجەم ئولتۇرسۇن دەپ ئۆيىمىزدە مۇسۇلمانچە تائاملار توغرۇلۇق بولغان پەرھىزلەرنى تۇتساق بىزگە نېمە زىيان كېلىدۇ؟ بىرسىنىڭ (ئىشەنگۈچى بولسۇن، بولمىسۇن) شاراب ئىچىشكە خۇمارى بولغان، شۇنىڭدەك مەست بولۇشقا ئاسانلا ئازدۇرۇلىدىغان بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ ئالدىدا شاراب ئىچىش پۈتۈنلەي ئەقىلسىزلىك ھەم ئۇنىڭغا قىلىنغان دۈشمەنلىكتۇر؛ چۈنكى ئۇنداق كىشى ئىشەنگۈچىنىڭ شاراب ئىچكەنلىكىنى كۆرسە بۇ ئىش ئۇنى ھاراق ئىچىشكە ئاداشتۇرۇشى مۇمكىن.

## پرىنسىپ (3): - ئىشەنمىگەنلەرگە، شۇنىڭدەك جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش

«ئەمما ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ بىرەرسى سىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلسا ۋە كۆڭلۈڭ تارتسا، ئالدىڭغا قويۇلغان ھەممىنى ۋىجدانىڭنى دەپ ئۇلتۇرماي يەۋەر؛ ئەمما بىرسى ساڭا: «بۇ بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىق تائامى» دېسە، ئۇنداقتا ئۇنى يېمە؛ نېمىشقا دېسەڭ، بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتقان ئادەمنىڭ

سەۋەبى ئۈچۈن، شۇنداقلا ۋىجداننىڭ سەۋەبى ئۈچۈندۇر؛ مەن دېگەن ۋىجدان سېنىڭكى ئەمەس، بەلكى ھېلىقى كىشىنىڭ ۋىجدانى؛ مېنىڭ ئەركىنلىكىمگە باشقىلارنىڭ ۋىجدانى تەرىپىدىن يامان دەپ باھا بېرىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن تەشەككۈر ئېيتىپ يېسەم، تەشەككۈر ئېيتقان نەرسىنى دۇرۇس يېگىنىم تۈپەيلىدىن يامان دەپ قارىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟» (10:27ـ30).

28ـئايەتتە سوئال سورىغان كىشى، ئەگەر ئېتىقادچى دوستىنىڭ «بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىق تائامى»نى يەۋەرگىنىنى كۆرسە، ھەرخىل خىيالدا بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن:

—

(1) بۇ ئادەم ئۆز ئېتىقادىغا نىسبەتەن سەممىي ئەمەس؛
(2) بۇ ئادەم ئېتىقاد قىلغان مەسىھ مېنىڭ جاپا تارتىشىمغا ئەرزىمەيدۇ؛
(3) بۇ ئادەم ئېتىقاد قىلغان مەسىھ ھەرخىل بۇتلارغا چوقۇنۇشقىمۇ يول قويىدىكەن.

مېھىر-مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدىن (باشقىلاردىن قورقۇش سەۋەبىدىن ئەمەس) بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقىمىزغىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزگە قانداق قارايدىغانلىقى، ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ مەسىھ توغرۇلۇق نېمە ئويلايدىغانلىقىغا كۆڭۈل قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىرسى: «مەسىھگە ئىشەنگەن كىشىلەر موللا دۇئا قىلغان تاماقنى يېمەسلىكى كېرەك» دەپ ئويلىغان بولسا مەسىھگە ئىشەنگەن كىشى ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن يېمەسلىكى كېرەك؛ تاكى بىرىنچى كىشى موللىنىڭ دۇئاسىنىڭ گۆشكە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگۈچە، يەۋېرەمسىلىكىمىزگە توغرا كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا سۇفىلار ئارىسىدا «مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلغۇچى تائام» دەيدىغان بىرخىل ئالاھىدە تائامغا خۇراپىيلارچە ئىشەنگەنلەر بار؛ بىزگە نىسبەتەن ئۇ پەقەت تاماق خالاس، بىراق شۇنداق كىشىلەر ئالدىدا شۇ تاماقنى يېسەك، ئۇلار «مانا، مەسىھگە ئىشەنگەن كىشىلەرمۇ بۇ تاماققا ئىشىنىدىكەن» دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

بارلىق ئىشلاردا بىزنىڭ تۈرتكىمىز باشقىلارغا «مەلۇم تائامنى يېيىش ياكى يېمەسلىكنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان»لىقىنى ئېنىق

چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك، ئۇلار ئەكسىچە بارلىق ھەرىكەتلىرىمىز ئارقىلىق شۇنى چۈشەنسۇنكى، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى بىردىنبىر ئۆزگەرتكۈچى مەسىھ ئەيسادۇر!

## 16-1:11 «باشنى يېپىش» ۋە «باشلىق» توغرۇلۇق

مۇشۇ يەردە بۇ بابتىكى پەقەت بىرنەچچە ئايەت ئۈستىدە توختىلىمىز. مۇشۇ قىسمىنى ئوقۇغان بەزىلەر بەلكىم پۈتۈنلەي خاتالىشىپ: «پاۋلۇس ئەر كىشى ئايالدىن ئەۋزەل دەپ تەلىم بېرىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئۇنداق ئوي-خىياللار بىزنىڭ خۇدانىڭ ئوي-نىيەتلىرىگە شۇنچە ئاز چۈمگەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىھنىڭ روسۇللىرى بىر قېتىم ئۆزئارا ئارىمىزدا قايسى ئەڭ ئۇلۇغ دەپ تالاش-تارتىش قىلىشقىنىدا، ئەيسا ئۇلاردىن: «كىم مەرتىۋىلىك؟ داستىخاندا ئولتۇرغىنىمۇ ياكى ئۇنى كۈتكىنىمۇ؟» — دەپ سورايدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خىزمەتكارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (لۇقا 22:24-27): — «ئەللەردىكى پادىشاھلار قول ئاستىدىكى خەلق ئۈستىدىن بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئىدارە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھوقۇقدارلىرى «خەلقپەرۋەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بىراق سىلەر شۇنداق بولماڭلار؛ بەلكى ئاراڭلاردىكى ئەڭ مەرتىۋىلىكى ئۆزىنى ئەڭ كىچىكدەك ھېسابلىسۇن ۋە يېتەكچى بولغانلار ھەممەيلەنگە خىزمەتكاردەك بولسۇن. زادى كىم مەرتىۋىلىك؟ داستىخاندا ئولتۇرغانمۇ ياكى داستىخاندىكى كۈتكۈچىمۇ؟ داستىخاندا ئولتۇرغىنى ئەمەسمۇ؟ بىراق مەن بولسام ئاراڭلاردا خىزمىتىڭلاردا بولغۇچى كۈتكۈچىدەكتۇرمەن».

گەپ شۇكى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا «ئۈستۈنلۈك»نى ياكى «ئۇلۇغلۇق»نى ئۆلچىگىلى بولسا (ۋە ئۇنداق «ئۆلچەش»نىڭ قانداقتۇر بىر مەنىسى بار بولسا) ئۇنداقتا ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشتىكى ئىقتىدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ؛ دەرۋەقە، بىزنىڭ «ئۈستۈنلۈك» ياكى «ئۇلۇغلۇق» دېگەن ئىشلار بىلەن كارىمىز بولماسلىقى كېرەك («مات.» 1:18-6نىمۇ كۆرۈڭ). شۇنىڭدەك ئەر كىشىنىڭ ئۆز ئايالىغا ياكى جامائەتتە ئەركەك قېرىنداشلارنىڭ قىز-ئايال قېرىنداشلارغا «باش» بولۇشى، ئۇلارغا زۇلمەت-مۇستەبىتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس؛ بەلكى مەسىھ ئۆزى جامائەتكە قانداق «باش»

بولغان بولسا (يەنى، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، سۆيۈپ ئۇنىڭدىن دائىم خەۋەر ئالىدىغان)، ئەر كىشىلەرمۇ ئۆزىگە تايىنىدىغان (جامائەتتە بولسۇن، ئائىلىدە بولسۇن) قىز-ئاياللارغا، بولۇپمۇ ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك («ئەف.» 5:28-29). پېترۇسنىڭ بىرىنچى مەكتۇپىدا جامائەتتىكى ھەممەيلەننى «ھەممىڭلار بىر-بىرىڭلارغا نىسبەتەن كىچىك پېئىللىقنى كىيىمدەك كىيگۈزۈڭلار» دەپ دەۋەت قىلىدۇ («1پېت.» 5:5).

مۇشۇ يەردە ھېچقانداق «ئۈستۈنلۈك-تۆۋەنلىك» يوق. دەرھەقىقەت، پاۋلۇس بۇ يەردە مۇشۇنداق «ئۈستۈنلۈك-تۆۋەنلىك» خىياللىرىنى يوقاتماقچى بولۇپ: «ھالبۇكى، رەبدە ئايال ئەرسىز بولماس، ئەر ئايالسىز بولماس»، دەيدۇ (11) — خۇدانىڭ بىكىتكىنى بويىچە ئەرلەر ۋە قىز-ئاياللار بىر-بىرىگە تايىنىشى كېرەك. دەرھەقىقەت، «گال.» 3:28دە مۇنداق دېيىلىدۇ: —

«مەسىھدە نە يەھۇدىي بولمايدۇ نە يەھۇدىي ئەمەسلەر دەپ ئايرىلىش بولمايدۇ، نە قۇل بولمايدۇ نە ھۆر دەپ ئايرىلىشمۇ بولمايدۇ، نە ئەر بولمايدۇ نە ئايال بولمايدۇ، ھەممىڭلار مەسىھ ئەيسادا بىر بولىسىلەر»

— بۇ مۇھىم ھەقىقەتكە قارىغاندا خۇدا ئالدىدا روھ تەرىپىدە ئەر-ئايال ئارىسىدا ھېچ مەڭگۈلۈك پەرق يوق (دېمەك، ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ روھى دەپ پەرقلەنمەيدۇ). ئەمما جان ۋە تەن تەرەپلەردە پەرق مەۋجۇت بولىدۇ. مانا شۇنداق بولغاچقا، ئەر كىشىلەر ھەم ئايال كىشىلەرنىڭ ھەرقايسىسى خۇدا تاپشۇرغان ئورۇن ۋە رولنى چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ، تەشەككۈر قىلىپ قوبۇل قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ۋە ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي پەرق جامائەتتە ئىبادەت ياكى دۇئا قىلغاندا، باش يېپىنىشى ياكى ياپماسلىقى بىلەن كۆرسىتىلىدۇ: —

«ئەر كىشى بولسا بېشىنى ياپماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى ۋە شان-شەرىپىدۇر؛ ئەمما ئايال كىشى بولسا ئەرنىڭ شان-شەرىپىدۇر».

يەھۇدىي ئەرلەر ئادەتتە سىناگوگلاردا ۋە مۇسۇلمان ئەرلەر مەسچىتلەردە دۇئا قىلغۇچاقاندا بېشىنى ياپىدۇ؛ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ ئادەتتە كۆرسىتىدىغان سەۋەبى، ئىنسان گۇناھكار بولۇپ، باشنىڭ ياپقۇچى (مەيلى قانداقلا شەكىلدە بولسۇن) خۇدا ۋە ئىنسان ئارىسىدا گۇناھنىڭ توسالغۇسى بار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە بىر

سىمۋول بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمما مەسىھدە بولسا، مۇشۇ «گۇناھنىڭ تۇسالغۇسى»نى ئېلىپ تاشلاشقا، خۇدا بىلەن ئۇچۇق ئالاقىدە بولۇشقا شەرەپلىك ئىمكانىيەت باردۇر. مۇشۇنداق ئالاقە ئورنىتىلغاندا ئىنساننىڭ (ئەر ياكى ئايال كىشىنىڭ بولسۇن) يۈزى خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى بارغانسېرى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ يۈزىنى زادىلا ياپماسلىق كېرەك («2كور.» 4:4-18). لېكىن ئايال كىشىلەر «ئەرنىڭ شان-شەرىپى» بولۇشقا يارىتىلغان (7)؛ ئۇلارنىڭ بۇ شان-شەرىپى ئاياللىق چاچلىرىدا ئالاھىدە كۆرۈلىدۇ (15). شۇڭا جامائەتتە بولسا ئىنساننىڭ (ئاياللىق چاچلىرىدا ئىپادىلەنگەن) شان-شەرىپىنى يېپىپ، خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىلا روشەن كۆرۈلسۇن ئۈچۈن ئىنتىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئەر كىشى بېشىنى ياپماسلىقى كېرەك، ئەمما قىز-ئاياللار (جامائەتتە) بېشىنى، يەنى چاچلىرىنىڭ جامال-شەرىپىنى يېپىش ئۈچۈن باشقا ياغلىق قاتارلىقلارنى ئارتىشقا توغرا كېلىدۇ.

10-ئايەت سەل سىرلىقتۇر: —

## 10-ئايەت: - «پەرىشتىلەرنىڭ سەۋەبىدىن»

«بۇ سەۋەبتىن، ھەم پەرىشتىلەرنىڭ سەۋەبىدىن، ئايال كىشى بېشىدا ھوقۇقنىڭ بەلگىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك».

بىز بۇ ئايەتنىڭ شەرھىنى ئاددىي دەپ قارايمىز. پەرىشتىلەر جامائەتتە خۇدانىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى بىلىشكە ئالاھىدە قىزىقىپ قارىغاچقا، جامائەت ئۇلارنىڭ (پەرىشتىلەرنىڭ) خۇدانىڭ بېكىتكەن تەرتىپىنى خۇشاللىقتا قوبۇل قىلىشقا بىرىنچى بولۇپ ئۈلگە-نەمۇنە بولۇشى كېرەك. چۈنكى چۈشىنىشىمىزچە شەيتان ۋە ئۇنىڭ جىنلىرى ئەسلىدە پەرىشتىلەر بولۇپ، دەسلىپىدە خۇدانىڭ تەرتىپىگە ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئىمانسىزلىق بىلەن قارشى چىققاندى («يەش.» 12:14-15، «ئەز.» 11:28-19، «ۋەھ.» 3:12). گەرچە پەرىشتىلەر ئىنسانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرىنى كۆرەلەيدۇ دەپ ئويلاشقا ھېچ ئىسپات-دەلىلىمىز يوق. شۇڭا جامائەتتىكى ئايال قېرىنداشلار ئەر قېرىنداشلارغا قەلبىدە بويسۇنغان بولسىمۇ (ۋە قەلبىدە بويسۇنۇش بەرىبىر بويسۇنۇشنىڭ بەلگىسىنى ئارتىشتىن مۇھىم، ئەلۋەتتە)،

بەربىر پەرىشتىلەر بۇ بويسۇنۇشنىڭ بەلگىسىنى («ھوقۇقى»)نى كۆرۈشنى خالايدۇ (10).

شەيتان ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم پەرىشتىلەر ئايال كىشىلەرنىڭ ساھىبجامالىلىقىنى كۆرۈپ ئازدۇرۇشقا كەتتى، دەپ ئىشىنىمىز («يار.» 6:2-4). شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرىشتىلىك مەرتىۋىسىنى تاشلاپ ئاياللارغا يېقىنلىشىپ ئۇلارغا چېقىلىش ئۈچۈن نامەلۇم يولدا جىسىم شەكلىگە كىردى. ئىنجىلدىكى ۋەھيي بويىچە، مۇشۇ پەرىشتىلەر سوراق قىلىنغۇچە قاماپ قويۇلدۇ («2پېت.» 4:2، «يەھ.» 6-7نىمۇ كۆرۈڭ). ئۇلارغا بېرىلگەن جازا ئىسيان كۆتۈرگەن جىنلارنىڭكىدىن ئېغىر بولدى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئىتائەتسىزلىك گۇناھى بىلەن خۇدانىڭ جازاسىغا (بىرىنچى، شەيتان ئاسىيلىق قىلغاندا ئۇنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن جازا، ئىككىنچى، ئادەم ۋە ھاۋانىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن جازا، ئۈچىنچى، قابىلنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن جازا) ئۇچرىغانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئەمما كىم بىلسۇن، باشقا پەرىشتىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلىش مۇمكىنچىلىكى تېخى مەۋجۇتمىكىن، شۇڭا روسۇل جامائەتكە، ئىبادەت سورۇنلىرىدا قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ ساھىبجامالىلىقىدىكى گۈزەل بولغان چاچلىرى يېپىلسۇن، دەپ تاپىلايدۇ.

مۇشۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتەيلىكى، چاچلىرى يېپىلغان بولسا قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ جامائەتتىكى ئىبادەت سورۇنلىرىدا دۇئا قىلىش ۋە بېشارەت بېرىشتىكى نېسىۋىسى باردۇر (5-ئايەت).

مۇشۇ يەردىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، ھازىرقى زاماندىكى كۆپ جامائەتلەر رەبنىڭ بۇ تاپشۇرۇقىغا سەل قاراپ ئەمەل قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىز-ئايال قېرىنداشلار جامائەتتە چاچلىرىنى ياپمايدۇ؛ ئەمما بۇنداق قىلىش خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەس، بەلكى پەقەت يەرلىك ياكى «زامانىۋي» ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ قېلىپىغا كىرىش، خالاس. ھالبۇكى، روسۇلنىڭ بۇ قىسمىنىڭ ئاخىرىدا دېگىنىدەك، بۇ ئىشنى جەڭگى-جېدەلگە ئايلاندۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ پەقەت كىمدىكىم ئۇنىڭغا سەل قارىسا، خۇدا بۇ ئىشنى سورايدۇ دەيمىز: —

«بىرسىنىڭ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلغۇسى بولسا، شۇنى بىلسۇنكى، بىزلەردە ھەم خۇدانىڭ جامائەتلىرىدىمۇ شۇلاردىن باشقا ھېچ قائىدىلەر يوقتۇر» (16).

## 10-8:12 «روھىي ئىلتىپات» توغرۇلۇق

بۇ قىسىم شۈبھىسىزكى، مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىنتايىن قىزىق نۇقتىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ يەردە توققۇز خىل ئىلتىپات تىلغا ئېلىنىدۇ؛ ئەمما بۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل ئىلتىپاتلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ؛ بۇ توققۇز خىل ئىلتىپات ھەممە روھىي ئىلتىپاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىمايمىز.

بىرىنچىدىن، بۇ توققۇز خىل ئىلتىپاتنى ماھىيەت ۋە فۇنكسىيە جەھەتلىرىدىن بىر-بىرلەپ كۆرەيلى: —

«چۈنكى روھ ئارقىلىق بىرسىگە دانالىق يەتكۈزىدىغان سۆز، باشقا بىرسىگە ئوخشاش بىر روھ بىلەن خەۋەر يەتكۈزىدىغان سۆز تەقسىم قىلىنىدۇ؛ ئوخشاش روھ ئارقىلىق باشقا بىرسىگە ئالاھىدە ئىشەنچ، يەنە بىرىگە ئوخشاش روھ ئارقىلىق كېسەللەرنى ساقايتىش ئىلتىپاتلىرى، بىراۋغا مۆجىزىلەرنى يارىتىش تەقسىم قىلىنىدۇ؛ بىراۋغا ۋەھىي-بېشارەت بېرىش؛ بىراۋغا ھەرخىل روھلارنى پەرق ئېتىش، بىراۋغا نامەلۇم تىللاردا سۆزلەش، يەنە بىراۋغا نامەلۇم تىللارنى تەرجىمە قىلىش ئىلتىپاتى تەقسىم قىلىنىدۇ» (10-8:12).

«دانالىق يەتكۈزىدىغان سۆز»

دانالىق ھەردائىم نېمە قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلىگە باغلىقتۇر؛ شۇڭا بۇ ئىلتىپات ئالاھىدە موھتاجلىقتا ئالاھىدە ئەقىل تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭغا مىساللارنى تەۋرات «2سام.» 25-17:5، ئىنجىل «روس.» 24:6دىن كۆرۈڭ.

«خەۋەر يەتكۈزىدىغان سۆز»

خۇدادىن بىۋاستە كەلگەن ئالاھىدە خەۋەر ياكى مەلۇمات يەتكۈزىدىغان ئىلتىپات. بۇنىڭغا مىساللارنى تەۋرات «2پاد.» 12-8:6، ئىنجىل «يۇھ.» 19-14:4، «روس.» 5-1:5، 11:21دىن كۆرۈڭ.

«(ئالاھىدە) ئىشەنچ»

ھەممىمىزدە ھەرۋاقىتتا ئىشەنچ-ئىمان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمما «ئىشەنچ» ئىلتىپاتى بولسا ئالاھىدە موھتاجلىقتا ياكى ئالاھىدە ئەھۋالدا «پارتلاش خاراكتېرلىك» ھالدا خۇدادىن كېلىدىغان ئالاھىدە «بىر ئۇلۇش» ئىشەنچتۇر؛ شۇنىڭ بىلەن خۇدادىن تىلىگەن ئىشقا بۇ ئىلتىپات تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ ئىشەنچى كامىل بولىدۇ.

بۇنىڭغا مىساللارنى تەۋرات «1پاد.» 20:12-13، «2پاد.» 6:17-16، ئىنجىل «روس.» 3:1-16 (بولۇپمۇ 16-ئايەت)؛ ۋە رەب ئەيسانىڭ خىزمىتىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەردە، مەسىلەن «لۇقا» 7:11-17دىن كۆرۈڭ.

«(كېسەللەرنى) ساقايتىش ئىلتىپاتلىرى»

رەب ئەيسانىڭ خىزمىتىدىن ۋە «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىن نۇرغۇن مىساللار تېپىلىدۇ، ئەلۋەتتە. دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، مۇشۇ يەردە «ئىلتىپات» كۆپلۈك شەكلىدە، يەنى «ئىلتىپاتلار» دېگەن شەكىلدە ۋە شۇنىڭدەك «ساقايتىش» دېگەن سۆزمۇ كۆپلۈك شەكلىدە، يەنى «ساقايتىشلار» دېيىلىدۇ. دېمەك، خۇدانىڭ ئادەمنى ساقايتىشىدا نۇرغۇن يول-تەرىقىلىرى بار؛ بەزى ۋاقىتلاردا بىر دەقىقىدىلا شىپالىق بېرىدۇ («مار.» 46:10-52)، گاھى ۋاقىتلاردا تەدرىجىي («مار.» 22:8-26)، بەزى چاغلاردا ۋاستىلەر ئارقىلىق («روس.» 11:19-12)، بەزىدە ۋاستىسىز؛ بەزى ۋاقىتلادا ساقايتىلغۇچىدىن ئىشەنچ تەلەپ قىلىدىغان («مات.» 27:9-30)، بەزىدە ساقايتىلغۇچىدىن ئىشەنچ تەلەپ قىلمايدىغان («يۇھ.» 1:5-9)، بەزىدە ھەتتا خۇدانىڭ ساقايتقۇچىسىدا ئاشكىلىق ئىشەنچ بولمىغان ھالدا ساقايتىلغانلارمۇ بار («مات.» 19:9-22).

«مۆجىزىلەرنى يارىتىش (ئىلتىپاتى)»

بۇنىڭغا مىساللارنى تەۋرات «1پاد.» 17:18-29، «1پاد.» 8:1، 19:2-22، 4:5-6، ئىنجىل «مات.» 19:21-22، «روس.» 5:13-12دىن كۆرۈڭ.

«ۋەھىي-بېشارەت بېرىش (پەيغەمبەرلىك سۆز (ئىلتىپاتى)»

مۇشۇ ئىلتىپات توغرۇلۇق كۆپرەك توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىنجىل، يەنى يېڭى ئەھدىدىكى دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى يەھۇدىي خەلقىگە، شۇنداقلا بىزلەرگە كۆرسىتىدىغان كارامەت-ئالامەتلەرنىڭ بىرى تۆۋەندىكىچە: —
«ھەم كېيىن، مەن ئۆز روھىمنى بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئۈستىگە قۇيىمەن؛
سىلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىڭلار بېشارەت بېرىدۇ،
قېرىلىرىڭلار ئالامەت چۈشلەرنى كۆرىدۇ،
يىگىتلىرىڭلار غايىبانە ئالامەت كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىدۇ» (تەۋرات، «يو.» 2:28، 29).

روسۇل پېترۇس «ئىنجىل دەۋرى يېتىپ كەلدى» دەپ جاكارلىغىنىدا بۇ سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ («روس.» 2:17-18). بۇ سۆزلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى بىز «روس.» 1:19-6، 8:21-9دە، ھەم روسۇل پاۋلۇسنىڭ مۇشۇ يەردىكى سۆزلىرىدە كۆرىمىز. ئۇنىڭ ئۇ ئايەتلەردە دېگەنلىرىگە قارىغاندا، بۇ ئىلتىپاتلار ئاسىيادىكى بارلىق جامائەتلەردە ئايان قىلىنماقتا ئىدى.

14-بابقا قارىغاندا جامائەت سورۇنلىرىدا «ۋەھيي-بېشارەت يەتكۈزۈش» («پەيغەمبەرلىك سۆز قىلىش») دېگەن ئىلتىپاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئەمەس، بەلكى «بېشارەت بېرىدىغان كىشى بولسا ئادەملەرنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇشقا، ئۇلارنى رىغبەتلەندۇرۇشكە ۋە تەسەللى بېرىشكە سۆزلەيدۇ» (3:14).

ئىبرانىي تىلىدا «بېشارەت بېرىش» «نابا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «نابا»نىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى «ئۇرغۇپ چىقىش»، «قايناپ چىقىش» ئىدى. دەۋر-دەۋرلەردىكى جامائەتلەر: «خۇدا ئارىمىزدا ئىستىخىيىلىك ھالدا «ئۇرغۇپ چىققان» سۆزلىرى بىلەن بىزگە دائىم رىغبەت بېرىپ كەلگەن» دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ كەلمەكتە. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا «ۋەھيي-بېشارەت بېرىش» ئىلتىپاتى، خۇدانىڭ ھەققەتلىرىنى «ھازىرنىڭ موھتاجلىقى ياكى ئەھۋالى»غا ئالاھىدە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت، دېگىلى بولىدۇ. پاۋلۇسنىڭ 14:25-26دىكى سۆزلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇ ئىلتىپاتنىڭ ھالقىلىق نۇقتىسى (تەۋرات دەۋرىدىكى «بېشارەت بېرىش»گە ئوخشمايدىغان ھالدا) مەلۇم بىر شەخسنىڭ موھتاجلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى تۈگۈچ-چىگىشلىرى ياكى گۇناھ مەسىلىلىرى؛ بەزىدە بەلكىم مەلۇم بىر جامائەتنىڭ موھتاجلىقلىرى بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىلتىپاتنى «تار دائىرىدىكى

بېشارەت بېرىش» دېگىلى بولىدۇ. تەۋراتتىكى بېشارەتلەرنىڭ كۆلىمى بولسا ئادەتتە ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، كۆپىنچە پۈتكۈل ئەللەرنىڭ ياكى دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرلىرىنى نۇقتا قىلىدۇ. تەۋرات بېشارەتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تېمىسى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىدۇر. بۇنداق بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى «كەڭ كۆلەملىك» بېشارەتلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەۋراتتا ئالدىنئالا بېشارەت بېرىلگەن كۆپ ۋەقەلەر ئاللىقاچان يۈز بەرگەن؛ مەسىھ ئۆزى ئاخىرقى زامانلار توغرۇلۇق كۆپ بېشارەت بەردى. مۇشۇ بېشارەتلەر بىر قېتىملا ئېيتىلغان، شۇنداقلا تەۋرات-ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنى قايتىلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

يەنە تەكتىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇكى، ئىنجىل دەۋرىدىكى «بېشارەت بېرىش» بىلەن «تەلىم بېرىش» خىزمىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ؛ «تەلىم بېرىش»نىڭ نىشانى بولسا تەۋرات-ئىنجىلنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ خۇدانىڭ پۈتكۈل پىلان-مۇددىئالىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەمر-نەسىھەتلىرىنى ئۆز نۆۋىتىدە يەتكۈزۈپ جامائەتنى زېرەكلەشتۈرۈش ۋە قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

تەۋراتتىكى بېشارەتلەر بىر قېتىملا بېرىلىش بىلەن «ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەن قۇسۇرسىز سۆزلەر» دەپ تونۇلۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرمۇ ئۇلاردىن پايدىلانسۇن دەپ تەۋراتتىكى كىتابلاردا بىر-بىرلەپ خاتىرىلەنگەن. جامائەتلەردە روھىي ئىلتىپات ئارقىلىق بېرىلگەن بېشارەتلەر ئەمدى بۇلارغا ئوخشىمايدۇ. پاۋلۇس ئۇلارنى خاتىرىلەش، «مۇقەددەس كىتابتىكى بېشارەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈش» توغرۇلۇق ھېچ تاپشۇرۇق بەرمەيدۇ؛ سەۋەبى، جامائەتتە بېرىلگەن بېشارەتلەر ئادەتتە ئايرىم جامائەتلەر ۋە ھەم ئۇلاردىكى شەخسلەر توغرۇلۇقتۇر. بەلكى جامائەتتە بېرىلگەن بېشارەتلەرنى مۇقەددەس كىتابلاردا ئاللىقاچان خاتىرىلەنگەن ھەممە بېشارەتلەر بىلەن ئۆلچەپ تەكشۈرۈش كېرەك بولار. «بېشارەت بېرىش» ئىلتىپاتى پات-پات ئۆزلىرىدە كۆرۈنگەن قېرىنداشلار ھەربىر بېشارەتنى «ۋەزىننى دىتلاپ» ئۆلچىشى كېرەك (29)، ئەمما جامائەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىمۇ بېشارەتلەرنى «ۋەزىننى دىتلاپ» ئۆلچەش مەجبۇرىيىتى بار. ئىنجىل، «1تېس.» 5:19-21نى كۆرۈڭ. بېشارەتلەرنى ئۆلچەشتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۆلچەم مۇقەددەس كىتابلاردۇر؛ جامائەتتە بولغان بېشارەتلەرنى مۇقەددەس كىتابلار بىلەن تەڭ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

جامائەتتە بىرسى بېشارەتلەرنى، جۈملىدىن «دانالىق يەتكۈزىدىغان سۆز» ۋە «خەۋەر

يەتكۈزىدىغان سۆز»لەرنى ئىزچىل ھالدا ۋە توغرىلىق بىلەن بىرىپ كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى (ئىنجىل دەۋرىدىكى) «بېشارەت بەرگۈچى»، «پەيغەمبەر» دېگىلى بولىدۇ (29:14؛ يەنە «روس.» 27:11، 1:13، 10:21، «ئەف.» 11:4نىمۇ كۆرۈڭ). بۇنداق چۈشەندۈرۈشىمىز ئۇلارنىڭ ئىپتىقانلىرىنى تەۋرات پەيغەمبەرلىرىنىڭكىگە ۋە ياكى رەب ئەيسانىڭ ئالاھىدە روسۇللىرىنىڭكىگە تەڭ-باراۋەر قىلىش ئەمەس.

بېشارەتلەرنى ئۈچ ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش كېرەك: —

(1) تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن خۇدانىڭ بارلىق سۆزلىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك؛

(2) بېشارەتتە مەلۇم بىر ئەھۋال ياكى كەلگۈسى ئىشلار توغرۇلۇق ئالاھىدە مەلۇمات بار بولسا، بۇ مەلۇمات توپ-توغرا بولۇشى كېرەك. خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى كۆرستىش ئۈچۈن بېشارەتلەر يۈز پىرسەنت توغرا بولۇشى كېرەك. «70% توغرا» بولغان بېشارەتنى «ئاز-پاز پايدىلىق» دېگىلىمۇ بولمايدۇ. — ئەكسىچە، ئۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بىرنەرسە — چۈنكى ئۇنىڭ قايسى يەرلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، قايسى يەرلىرىنى رەت قىلىش كېرەكلىكىنى قانداقمۇ بىلەلەيمىز؟!

«قان.» 22:18نى كۆرۈڭ: —

«بىر پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا سۆز قىلغان بولسا ۋە ئۇ بېشارەت قىلغان ئىش توغرا چىقمىسا ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا، ئۇنداقتا بۇ سۆزنى پەرۋەردىگاردىن چىقمىغان؛ شۇ پەيغەمبەر باشباشتاقلىق بىلەن سۆزلىگەن دەپ، ئۇنىڭدىن قورقما». تەۋرات دەۋرلىرىدە ئۇنداق كىشىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىش ئەمر قىلىنغان. جامائەتتە ئۇنداق قىلىنمايدۇ، ئەلۋەتتە، ئەمما بۇ ئەمرنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى بىزلەردە قالىدۇ. ساختا بىر بېشارەت بېرىلگەن بولسا، ئەمدى ئۇنى ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نەپسانىيەتچىلىكى، شۆھرەتپەرەسلىكى، ھارام نىيەتلىرى، مەنمەنچىلىكى، تەكەببۇرلۇقى، ئۆز بېشىمچىلىقى قاتارلىقلار «ئۆلۈمگە مەھكۇم» قىلىنىش كېرەك. ئۇ ئىزدەنسە مۇقەددەس روھ تېزلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كەمچىلىكىنى ئايان قىلىدۇ. بۇنداق «بېشارەت بەرگۈچى»نىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا سەۋەبنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلاردىن سەللىمازا توۋا قىلىشتۇر.

(3) «بېشارەت بەرگۈچى»نىڭ تۇرمۇش-ھاياتىدا مۇقەددەس روھتىن كەلگەن مېۋە بولۇشى كېرەك.

«قان.» 1:13ـ3نىمۇ كۆرۈڭ: —

«ئەگەر ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر ياكى چۈش كۆرگۈچى چىقىپ، سىلەرگە مەلۇم بىر مۆجىزىلىك ئالامەت ياكى كارامەتنى كۆرسىتىپ بېرەي دېسە ۋە ئۇ سىلەرگە ئالدىنئالا دېگەن مۆجىزىلىك ئالامەت ياكى كارامەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئەمما شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك «باشقا ئىلاھلارغا (يەنى سىلەر تونۇمىغان ئىلاھلارغا) ئەگىشەيلى» ۋە «ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدا بولايلى» دېسە، سەن شۇ پەيغەمبەر ياكى چۈش كۆرگۈچىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالما؛ چۈنكى شۇ تاپتا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرنىڭ ئۇنى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن جېنىڭلار بىلەن سۆيىدىغان-سۆيمەيدىغىنىڭلارنى بىلىش ئۈچۈن سىناۋاتقان بولىدۇ».

شەيتان خۇدانىڭ خەلقىنى ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ روھىي ئىلتىپاتلىرىنى دوراپ، «ساختا ئىلتىپاتلار»نى، جۈملىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بېشارەتلەرنى چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا بېشارەت بەرگۈچىلەرگە كېرەك بولغان ئۆلچەم ئۆلچەم بولسا: —

(ئا) مۇھەببەت، ھەققانىيلىق، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، سەۋر-تاقەتلىك ۋە پاك-مۇقەددەسلىك ئايان بولغان ئىخلاسمەن تۇرمۇش؛

(ئە) باشقىلارغا يەتكۈزگەن تەلىم-تەربىيىسى مۇقەددەس كىتابلارغا مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك.

بۇ ئالامەتلەر بولمىسا ئۇنىڭ «بېشارەت»لىرىنى (مەيلى ئۇلار قانچىلىك تويتوغرا كۆرۈنسۇن) نەزەرگە ئالماسلىق، ئادەمنىڭ ئوي-خىياللىرىدىن چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

<u>«(ھەرخىل) روھلارنى پەرق ئېتىش (ئىلتىپاتى)»</u>

بۇ ئىلتىپات بەلكىم پەقەت جىن چاپلاشقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياكى جىنلارنىڭ جامائەت ئىبادەت سورۇنلىرىغا كىرىۋېلىپ مۆمىن بەندىلەرگە ئالدامچىلىق قىلىدىغان ھىيلە-مىكىرلىرىنى پەرق ئېتىشى ئۈچۈنلا بولغان ئىلتىپات بولماستىن («روس.» 16:16ـ18، «مات.» 4:9)، بەلكى يەنە مۇقەددەس روھنىڭ ئادەملەرنىڭ روھلىرىدا قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى، جۈملىدىن روھىي ئىلتىپاتلارنى بىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (مەسىلەن، «روس.» 7:14ـ10دە خاتىرىلەنگەندەك پاۋلۇسنىڭ كىشىنىڭ ئىشەنچىنى كۆرۈپ يېتىشى).

«نامەلۇم تىللار»

«نامەلۇم تىللار» يەنە «كارامەت تىللار، روھىي تىللار، يات تىللار»مۇ دېيىلىدۇ. روسۇل پاۋلۇسنىڭ 14:14ـ19، 21ـ23، 27ـ28دە «نامەلۇم تىللار» توغرۇلۇق سۆزلىرى بىزگە كۆپ يورۇقلۇق يەتكۈزىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «نامەلۇم تىللار» ئىلتىپاتى كىشىلەرگە ئۈچ تەرەپتىن روھىي بەھىر ئېلىپ كېلىدۇ.

(ئا) «نامەلۇم تىللار» «ئالامەت بەلگە» سۈپىتىدە بېغىشلانغاندا، نەق سورۇندا بولغان كىشىلەردىن بىر قىسمى بۇ تىلنى چۈشىنىدۇ، لېكىن سۆزلىگۈچى ئۆزى چۈشەنمەيدۇ («روس.» 2:1ـ13). بۇنداق ئىشلار ئاز كۆرۈلىدۇ.

(ئە) ئايرىم دۇئالاردا («ئۆز-ئۆزىگە ۋە خۇداغا ئېيتسۇن»، 28:14) شۇ تىلنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدىغان، شەخسىي «نامەلۇم تىل» ئىلتىپاتى؛ پاۋلۇسنىڭ ئۆزىدە بۇنداق ئىلتىپات بار ئىدى ۋە ئۇ ئۇنى كۆپ ئىشلەتكەن (18:14). بۇ ئىلتىپاتتا ئادەمنىڭ روھى دۇئا قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەقىل-زېھنى ئۆزى ئېيتىۋاتقانلىرىنى چۈشەنمەيدۇ (14:14). بۇ يولدا ئىستىخىيلىك ھالدا مەدھىيە ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ، ئەمما ئېيتقۇچى ئۆزى ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى چۈشەنمەيدۇ (15:14). بۇ ئاخىرقى ئايەت بويىچە پاۋلۇس «نامەلۇم تىللار»دا كۆپ دۇئا قىلاتتى ۋە يەنە ئۆز تىلىدا دۇئا قىلاتتى («مەن بەزىدە روھىم بىلەن دۇئا قىلىمەن، ھەم بەزىدە ئەقىل-ئىدراكىم بىلەنمۇ دۇئا قىلىمەن»). ئۇ نامەلۇم تىللاردىمۇ مەدھىيە ناخشىلىرى ئېيتاتتى ۋە ئۆز تىلىدا مەدھىيە ناخشىلىرى ئېيتاتتى («مەن بەزىدە روھىم بىلەن مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن، ھەم بەزىدە ئەقىل-ئىدراكىم بىلەنمۇ مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن»).

(ب) جامائەتتە چىققان نامەلۇم تىللار. جامائەت ئىبادەت سورۇنىدا بىرسى نامەلۇم تىلدا ئۈنلۈك دۇئا قىلىشقا ياكى مەلۇم ئىشنى جاكارلاشقا مۇقەددەس روھتىن ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. پاۋلۇسنىڭ 13:14، 27ـ28دە تەلىم بەرگىنىدەك، بۇنداق ئىلتىپاتنى پەقەت سۆزلىگۈسى بولغان كىشىدە سۆزلەرنى مەلۇم بولغان تىلغا ئۆرۈشكە بىراۋدا ئىلتىپات بار بولىدۇ دېگەن ئىشەنچ بولغاندىلا ئاندىن ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۆرۈگۈچى كىشى ئۆزى ياكى باشقا قېرىنداش بولىدۇ. ئۇنداق ئۆرۈگۈچى بولمىسا، ئۇ سۈكۈتتە قېلىشى كېرەك («ئۆز-ئۆزىگە ۋە خۇداغا ئېيتسۇن» 28:14).

«نامەلۇم تىللارنى تەرجىمە قىلىش (ئۆرۈش، چۈشەندۈرۈش) (ئىلتىپاتى)»

بۇ، جامائەتتە مەلۇم «نامەلۇم تىل»دا بىر سۆز ئېيتىلغاندا، بۇ ئىلتىپات سۆزنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى ئىپادىلەشتىكى ئىلتىپات بولىدۇ. بۇ بەلكىم دەل سۆزمۇسۆز «تەرجىمە قىلىش» ئەمەستۇر، لېكىن ئۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىڭ بىرنەچچە جامائەتلەردە ئىسپاتى بار.

## 14:21-23: يەنە «نامەلۇم تىللار» توغرۇلۇق

«تەۋراتتا: «چەت تىللىقلارنىڭ سۆزى ۋە يات ئادەملەرنىڭ لەۋلىرى ئارقىلىق مەن مۇشۇ خەلققە گەپ قىلىمەن؛ لېكىن بۇنداق بولغىنى بىلەن ئۇلار يەنىلا ماڭا قۇلاق سالمايدۇ — دەيدۇ پەرۋەردىگار» دەپ پۈتۈلگەندۇر. شۇڭا «نامەلۇم تىللار» بولسا بىر ئالامەت بەلگە بولىدۇ؛ ئېتىقادچىلارغا ئەمەس، بەلكى ئېتىقادسىزلارغا ئالامەت بەلگىدۇر؛ ۋەھىي-بېشارەتلەر بولسا، ئېتىقادسىزلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېتىقادچىلار ئۈچۈن بولىدۇ»

پاۋلۇسنىڭ بۇ يەردە «يەش.» 28:11-12دىن نەقىل كەلتۈرگىنىنى ئازراق چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يەشايا ئەسلىدە (يۇقىرىدا پاۋلۇس نەقىل كەلتۈرگەن) بۇ سۆزلەر بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى يەھۇدىي خەلقىگە: «سىلەر مېنىڭ خەۋىرىمگە سىلەرگە تونۇش تىلدا ئېيتىلغاندا قۇلاق سالمىساڭلار، سىلەر ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدىغان يات بىر ئەل بىلەن ئورۇلىسىلەر. شۇ چاغدا (سۈرگۈن بولغىنىڭلاردا) مېنىڭ بۇ سۆزۈم شۇ كۈلپەتلىك ئەھۋال بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ» — دېمەكچى بولىدۇ، يەنە — «ئەمما ھەتتا شۇ قېيىن كۈنلەرگە كىرگەندىمۇ سىلەر (پەرۋەردىگار يەشايا ئارقىلىق دەيدۇ) ماڭا قۇلاق سالمايسىلەر، دەپ بىلىمەن»، دەيدۇ. يەشايانىڭ دەۋرىدىن 100 يىل كېيىن، يەھۇدىي خەلقى بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغاندا، ئەتراپىدىكى بابىل تىلى («نامەلۇم تىللار») يەھۇدىي خەلققە بىر «كارامەت» بولدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بولغان شۇ تىل ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ توۋا قىلمىغان خەلق ئىكەنلىكىنى، خۇدانىڭ جازالىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرسەتكۈچى «ئالامەت بەلگە» بولدى. شۇڭا ««نامەلۇم تىللار» بولسا بىر ئالامەت بەلگە بولىدۇ؛ ئېتىقادچىلارغا ئەمەس، بەلكى ئېتىقادسىزلارغا ئالامەت بەلگىدۇر». شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ: —

«شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل جامائەت بىر يەردە جەم بولغاندا، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا بۇنداق نامەلۇم تىللاردا سۆزلەۋەرسە ۋە سادىدا ياكى ئېتىقادسىز كىشىلەر كىرىپ قالسا، ئۇلار ھەممىڭلارنى ساراڭ بولۇپ قاپسىلەر دېيىشمەمدۇ؟» (23).

ئەمما، پاۋلۇس دەيدۇ، — بىز جامائەتكە مېھمان بولۇپ كىرگەن ئادەملەرگە خۇدانىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى خالىمايمىز؛ ئۇلارنىڭ بېشىغا خۇدانىڭ جازالىرىنى چۈشۈرۈشنى خالىمايمىز؛ بىز ئۇلارنى «تېخى ئىشەنمىگەن، لېكىن ئىشىنىشى مۇمكىن بولغان» دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئىمانغا كەلتۈرۈشنى خالايمىز. شۇڭا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: — «ئەمما ھەممىڭلار ۋەھيي-بېشارەت يەتكۈزسەڭلار، ئېتىقادسىز ياكى سادىدا كىشى ئاراڭلارغا كىرىپ قالسا، ھەممىڭلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا تەنبىھ بېرىلىدۇ، ھەممىڭلار تەرىپىدىن گۇناھكار بولغانلىقىنى كۆرىدۇ؛ قەلبىدىكى سىرلار ئاشكارە قىلىنغاندا، ئۇ يەرگە يىقىلىپ: — «خۇدا ھەقىقەتەن ئاراڭلاردىدۇر» دەپ خۇداغا سەجدە قىلىدۇ» (24-25). بۇ ئۇنىڭ 22-ئايەتتىكى سۆزلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ «ۋەھيي-بېشارەتلەر بولسا، ئېتىقادسىزلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېتىقادچىلار ئۈچۈن بولىدۇ». «نامەلۇم تىللار»دا دۇئا قىلىشنىڭ ھېچ خاتاسى يوق، ئەمما ئىشەنمىگەن كىشىلەر ئالدىدا چوقۇم مەنىسى ئۆرۈلۈشى كېرەك.

## يەنە بېشارەتلەر توغرۇلۇق:

«پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ» (32:14)

بۇ مۇھىم بايان ئۇستىدە توختالغۇمىز بار؛ چۈنكى نۇرغۇن ئىشەنگۈچىلەرنىڭ خۇدانىڭ روھىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقى توغرىسىدا چۈشەنچىسى ئىنتايىن كەم. مۇشۇ ئايەتتە مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتى «بېشارەت بېرىش»تۇر، ئەمما شۇنى چۈشىنىمىز كېرەككى، ئۇنىڭ باشقا خىزمەتلىرىدىمۇ ئوخشاش مۇھىم پرىنسىپ بار بولىدۇ.

ئايەتتىكى «پەيغەمبەرلەرنىڭ (ياكى «ۋەھيى يەتكۈزگۈچى» ياكى «بېشارەتچىلەرنىڭ») روھلىرى» دېگەن ئىبارە بېشارەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىنسانىي روھلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مۇقەددەس روھ ئىلتىپاتلىرىنى (پەقەت «بېشارەت بېرىش»لا ئەمەس) مەلۇم بىر ئادەمنىڭ روھىنى ۋاستە قىلىپ ئىپادىلەيدۇ. رەب ئەيسانىڭ خىزمىتىدە بۇ پرىنسىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ (مەسىلەن، «مار.» 8:2). روھىي ئىلتىپاتلار (ۋە باشقا ۋەھىيلەر) ئاۋۋال ئىنساننىڭ جېنىدىن ئەمەس (ئىنساننىڭ كاللىسى، ئەقىل-ئىدراكى ياكى ھېسسىياتلىرىدىن ئەمەس)، بەلكى روھىدىن، يەنى ئۇنىڭ ماھىيەت-ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىدۇ. روھىي ئىلتىپاتلار ئادەمنىڭ ھېسسىياتلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، روھ تەرىپىدىن سېزىلىدۇ، ئۇلار ئادەمنىڭ كاللىسىغا كىرگەن «ياخشى ئەقىل»مۇ ئەمەس. ئىنجىل، «لۇقا» 1-بابتا، مەسىھنىڭ ئانىسى مەريەم ئۆز نەۋرە ھەدىسى ئېلىزابىتنىڭ بېشارەتلىك سالىمىغا جاۋابەن يەنە بېشارەت بەرگىنىدە بۇ پرىنسىپ كۆرۈنىدۇ: «جېنىم رەبنى ئۇلۇغلايدۇ، روھىم قۇتقۇزغۇچىم خۇدادىن شادلاندى». بۇ يەردە ئېيتىلغۇاتقان پېئىل زامانلىرىغا دىققەت قىلىڭ. بۇ بېشارەت مەريەمنىڭ جېنىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھىدا باشلانغان «مېنىڭ روھىم ئۇلۇغلايدۇ... مېنىڭ جېنىم شادلاندى».

پاۋلۇسنىڭ باياندا يەنە مۇھىم بىر ساۋات بار. يۇقىرىقى ئايەتلەردە روسۇل پاۋلۇس پەيغەمبەرلەر (ۋەھيى-بېشارەتچىلەر)نىڭ «نۆۋەت بويىچە» سۆزلەيدىغانلىقى، شۇنداقلا بېشارەتچىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەھيىنى سۆزلەپ بېرىشكە پۇرسەت كەلمىگۈچە كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرىدىغانلىقى توغرۇلۇق بايان قىلغان. شۇڭا ئىنتايىن روشەنكى، مۇقەددەس روھ مەجبۇرەن ئىشلىمەيدۇ. بىرسى ئۆزىنىڭ جامائەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان بەزىبىر سۆزى ياكى ھەرىكىتى توغرۇلۇق: «مەن بۇ ئىشتا روھ تەرىپىدىن مەجبۇرلاندىم، ماڭا ئامال بولمىدى» دېسە، بۇ گەپ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەس، يامان روھلارنىڭ ئاسارىتىدە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. يامان روھلار (جىنلار) دائىم كىشىلەرگە ئۆزلىرى خالىمىغان ئىشلارنى، ھەتتا ئۇلار ئادەتتە ئۆچ كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلدۇرغىنىدا ئۆزلىرى ئاشكارىلىنىدۇ. رەب ئەيسانىڭ يەر يۈزىدىكى خىزمەتلىرىدە، يامان روھلارنى ھەيدىۋەتكىنىدە بۇ پرىنسىپ (يەنى، يامان روھلار كىشىلەرگە ئۆزلىرى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ) روشەن قىلىنىدۇ؛ ھەتتا بۇتپەرەسلەرمۇ كۆپ ئەھۋالدا بۇ پرىنسىپنى توغرا چۈشىنىپ يېتىدۇ. خۇدانىڭ روھى بولسا

مەجبۇرلىغۇچى روھ ئەمەس؛ ئەكسىچە، ئۇ پەقەت تەسىرلەنگەن ياكى سۆز يەتكۈزۈلگەن كىشىنىڭ ئەركىن قوشۇلۇشى بولغىنىدا ئاندىن ئىشلەيدۇ. بۇنداق خىسلەت خۇدانىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى، ئەلۋەتتە؛ ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىشنى، ئەركىنلىكتە ئىختىيارى بىلەن ئۆزىگە بويسۇنۇشنى خالايدۇ؛ چۈنكى خۇدانى سۆيۈش دېگەنلىك ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھەر ئىشتا ئەركىنلىك، خۇشاللىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن تاللىۋېلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا: «پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ» — دېمەك، ئۇلارنىڭ سۆز قىلىشى مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئەمەس، بەلكى سۆزلەش نۆۋىتى كەلگۈچە بىر-بىرىنى كۈتەلەيدۇ.

«ئاراڭلاردىكى ئاياللار جامائەتلەردە سۈكۈتتە ئولتۇرسۇن؛ ئۇلارنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغان؛ تەۋرات قانۇنىدا بەلگىلەنگەندەك، ئۇلار تەرتىپكە بويسۇنسۇن» (34:14).

ئىزاھاتلاردا كۆرسەتكىنىمىزدەك، بۇ ئەمر قىز-ئايال قېرىنداشلارغا ئىبادەت سورۇنلىرىدا سۆزلەشنى مەنئى قىلىدىغان ئەمر ئەمەس. چۈنكى 5:11دە ئۇ قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ جامائەتلەردە دۇئا قىلىشلىرى ۋە بېشارەت بېرىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ — شۇڭا قىز-ئاياللارنىڭ جامائەتتىكى سۆز-كالام خىزمەتلىرىدە مۇھىم رولى باردۇر. ئەمما بۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 35-ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك، ئۇ قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ جامائەتتە چۇلدۇرلىشىپ سۆزلىشى ياكى قالايمىقان سۆزلىشىنى توختاتماقچى. گرېك جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا گەپنى بۆلۈۋېتىشتە داڭقى چىققان.

كېيىنكى بىر مەكتۇپىدا (1تىم.» 12:2) پاۋلۇس قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ جامائەتتە تەلىم بېرىش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئېلىشىغا يول قويمايمەن، دەيدۇ. بۇ تاپشۇرۇقنىڭ بىرىنچى سەۋەبى، جامائەتتىكى ئەرلەر تەلىم بېرىشتە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ھورۇنلۇقى ياكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمىسا، قىز-ئاياللار بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالسا ئەيىب بولمايدۇ؛ گۇناھى ئەر قېرىنداشلارغا بولىدۇ ۋە ئۇلار شۇنداق ئەھۋالغا يول قويغانلىقى ئۈچۈن رەب ئالدىدا جاۋاب بېرىشى كېرەك بولىدۇ.

(35) «ئەمما ئۇلار مەلۇم ئىشنى بىلمەكچى بولسا، ئۆيدە ئۆز ئەرلىرىدىن سورىسۇن؛ ئايالنىڭ جامائەتتە سۆزلىشى ئۇياتلىق ئىشتۇر».

ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىبرى ئىشەنگۈچى بولمىسا، ئۇلار ئىشەنگەن ئاتىسىدىن ياكى يېقىن تۇرغان مەسئۇل ئاكا قېرىنداشتىن ياكى جامائەتتىكى ئاقساقاللارنىڭ بىرىدىن سورىسا بولىدۇ.

## 8:15 پاۋلۇسنىڭ «خۇددى ۋاقتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك» بولغانلىقى

مەسىھنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىنى كۆرگەن گۇۋاھچىلار توغرۇلۇق سۆزلىگىنىدە، پاۋلۇس ئۆزىنىڭ گۇۋاھچى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق «ھەممىسىدىن كېيىن ئۇ خۇددى ۋاقتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك بولغان ماڭىمۇ كۆرۈندى» — دەيدۇ.

«خۇددى ۋاقتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك» دېگەن ئىبارە، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ روسۇللۇقىنىڭ سالاھىيىتىنى تەستىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ چۈنكى روسۇللارنىڭ سالاھىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى مەسىھنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە گۇۋاھچى بولۇشتىن ئىبارەت؛ «روس.» 1:15-26نى كۆرۈڭ. ئەمما بىلىشىمىزچە پاۋلۇس ھەتتا ئەيسا مەسىھنى يەر يۈزىدە تۇرغان ۋاقتىدىمۇ كۆرۈپ باققان ئەمەس؛ ئۇ ئۇنىڭ توغرىسىدا روسۇللارنىڭ، بولۇپمۇ ئىستىپاننىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى جاكارلاشلىرى ئارقىلىق ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇ يەھۇدىيلاردىكى «پەرىسىي» دېگەن قاتتىق تەلەپلىك دىنىي مەزھەپنىڭ ئەزاسى بولغاچقا ئۇنىڭ مەسىھ تەلىمىگە بولغان ئىنكاسى دەرھال قارشى چىقىپ جامائەتكە قاتتىق زىيانكەشلىك قىلىش ئىدى؛ «روس.» 7-بابنى كۆرۈڭ. مۇشۇ ئىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ سالاھىيىتى روسۇل بولۇش سالاھىيىتىدىن ئىنتايىن يىراق ئىدى؛ ئىنسانىنىڭ كۆزقاراشلىرى بويىچە ئۇ ھەرگىز روسۇل بولالمايتتى. ئەمما «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 9-بابدا ئوقۇيمىزكى، رەب ئەيسا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆرۈندى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق، تەلتۆكۈس تووا قىلدى. كېيىن، رەب ئەسلى ئۆزىنىڭ «ئون ئىككى روسۇلى»غا تاپشۇرغان بارلىق تەلىمنى ۋە ۋەھىيلەرنى، شۇنداقلا شۇلاردىن يەنە زىيادە كۆپ ۋەھىيلەرنى ئۇنىڭغا شەخسەن ۋە بىۋاستە ئايان قىلدى (مەسىلەن، 11:23-26نى، «گال.» 1:10-18نى كۆرۈڭ). «ئون ئىككى روسۇل» رەب ئەيساغا ئۈچ يېرىم يىل ھەمراھ بولغاندىن كېيىن «ئورما ھېيتى» كۈنىدە خۇدانىڭ روھى تەرىپىدىن «قايتا تۇغۇلدى»؛ بۇ بولسا ئۇلارغا روسۇللۇقىنىڭ بۇيۈك خىزمىتىگە

ئاخىرقى «مۆھۈر بېسىلىشى» ئىدى؛ لېكىن پاۋلۇسنىڭ «روھىي تۇغۇلۇش»ى بولسا (رەب ئەيسا ئۇنىڭغا كۆرۈنگىنىدە) تولمۇ تۇيۇقسىز، «خۇددى ۋاقتىسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك» بولۇپ، ئۇنى ئۈچ كۈن ئىچىدە ھاياتلىققا ۋە روسۇللۇققا مۆھۈرلىدى.

24:15 «ئاندىن ئاخىرەت بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ ھەممە ھۆكۈمرانلىق، بارلىق ھوقۇق ۋە كۈچلۈكلۈكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پادىشاھلىقنى خۇدا-ئاتىغا قايتۇرۇپ تاپشۇرىدۇ...»

(28)... «ئەمما ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇل ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچىغا بويسۇنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن خۇدا ھەممىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ».

بۇ 24-ئايەتتە بىرىنچى سوئال شۇكى، بۇ «پادىشاھلىق» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ جاۋابىمىز باشقا يەردە ئېيتقىنىمىزدەك شۇكى، «ۋەھ.» 1:20-6دە كۆرسىتىلگىنىدەك، مەسىھنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنى ئۆزىگە ھەمكارى قىلىپ بۇ يەر-زېمىن ئۈستىگە سۈرگەن مىڭ يىللىق پادىشاھلىقى بولىدۇ. بۇ مىڭ يىللىق پادىشاھلىق ئەبەدىلئەبەد بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ۋاقىت، خالاس، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ پادىشاھلىقنىڭ مەقسىتى خۇدانىڭ مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن، تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن، ئىسرائىلغا بەرگەن بارلىق ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقى — بۇ بۇزۇلغان، بۇلغانغان كونا يەر-زېمىن ئۈچۈن قانداق ئاجايىب ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. بۇ مىڭ يىللىق ۋاقىت توشقاندا، شەيتان يەر يۈزىدىكىلەرنى سىناش ئۈچۈن قايتىدىن قاماقتىن قويۇلىدۇ. شەيتاننىڭ قۇترىتىشلىرى بىلەن خۇدا ئۆزىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەرگە ئوت جازاسىنى ئاسماندىن ياغدۇرۇشى بىلەن بۇ ۋاقىتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى بېكىتىدۇ؛ كونا زېمىن ۋە كونا ئاسمان يوقىلىدۇ، شەيتان «ئوت كۆلى»گە تاشلىنىدۇ. مۇشۇ چاغدا مەسىھ ئاتىسىغا بولغان مەڭگۈلۈك سۆيگۈسىنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە «پادىشاھلىقنى خۇدا-ئاتىغا قايتۇرۇپ تاپشۇرىدۇ...».

پاۋلۇس «ئاندىن ئاخىرەت بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ ھەممە ھۆكۈمرانلىق، بارلىق ھوقۇق ۋە كۈچلۈكلۈكنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ،...» دەيدۇ. ئىشىنىمىزكى، بۇ سۆز پەقەت شەيتان ئۈستىگە چىقىرىلغان ئاخىرقى جازانىلا ئەمەس،

بەلكى ھەرقانداق «ھۆكۈمرانلىق»، «ھوقۇق» دەپ ھېسابلانغانلارنىڭ بارلىقىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي — خۇدانىڭ تۈپكى مۇددىئا-مەقسەتلىرى نىشانغا يەتكەن بولىدۇ؛ ئىنسانلار، پەرىشتىلەرمۇ گۇناھنىڭ ئىللىك-دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ئۆتۈپ، مېھىر-مۇھەببەت ھەممەيلەننى قاپلىغان بولىدۇ. ھەر قەلبدە مېھىر-مۇھەببەتتىن باشقا ھېچ نىيەت بولمايدۇ. مۇھەببەتتە «ھوقۇق» ياكى «ھۆكۈمرانلىق»، بۇيرۇقنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق بولىدۇ؛ ھەممەيلەن نېمە تەلەپلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپلا شۇنى قىلىدىغان بولىدۇ.

بۇ كەلگۈسى ئەھۋال ئىككى ئايەتتە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ: —

(1) «...ئوغۇلغا ئۇ (خۇدا) شۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر؛

سېنىڭ شاھانە ھاساڭ بولسا ھەققانىيلىقنىڭ ھاسىسىدۇر» (ئىنجىل، «ئىبر.» 8:1، بۇ مەكتۇپنىڭ مۇئەللىپى «زەبۇر» 8:45نى نەقىل كەلتۈرىدۇ).

(2) «خۇدانىڭ كۈنىنى تەلمۈرۈپ كۈتۈپ، ئۇ كۈنىنىڭ تېزرەك كېلىشى ئۈچۈن ئىنتىلىشىڭلار كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئۇ كۈنىنىڭ كېلىشى بىلەن پۈتۈن ئاسمانلار ئوتتا يوقاپ تۈگەيدۇ ۋە كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى شىددەتلىك ئوتتا ئېرىپ تۈگەيدۇ. لېكىن بىز بولساق ئۇنىڭ ۋەدىسى بويىچە، يېڭى ئاسمان-زېمىننى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز. ئۇ يەر ھەققانىيلىقنىڭ ماكانىدۇر» («2پېت.» 3:12-13).

بىرىنچى ئايەت ئوغۇلنىڭ پادىشاھلىقتا ھۆكۈم سۈرۈشى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ؛ ئۇ قولىدا «ھەققانىيلىقنىڭ ھاسىسى»نى تۇتىدۇ — دېمەك، ھۆكۈم سۈرۈش كېرەك بولىدۇ.

ئىككىنچى ئايەتتە، كونا ئاسمان-زېمىننىڭ يوقاپ تۈگىشى تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن، «ھەققانىيلىقنىڭ ماكانى» بولغان يېڭى ئاسمان-زېمىن تىلغا ئېلىنىدۇ. «ھەققانىيلىقنىڭ ھاسىسى» ھازىر كېرەك ئەمەس، چۈنكى يېڭى زېمىن ئۆزى «ھەققانىيلىقنىڭ ماكانى» بولىدۇ.

ئۇنداق ئىشلار كاللىمىزنىڭ قابىلىيىتىنى چەككە يەتكۈچە ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما بىز كەلگۈسىدە خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنىڭ ئاخىر بېرىپ قانداق ئاجايىب كارامەت ئىشلارنى ئادا قىلىدىغانلىقىدىن، رەبنىڭ ھەممىمىزنىڭ تەپەككۇر قىلغىنىمىزدىن زىيادە ئاشىدىغان، شۇ چاغدا ئايان قىلىدىغان شان-شەرىپىدىن ھازىرمۇ شادلىنالايدىغان بولدۇق.

## 29:15 «ئۆلگەنلەر ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈش»

«ئۆلۈمدىن تىرىلىش بولمىسا، بەزىلەرنىڭ ئۆلگەنلەر ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۆلگەنلەر زادى تىرىلمىسە، كىشىلەر ئۇلار ئۈچۈن نېمە دەپ چۆمۈلدۈرۈلىدۇ؟».

پاۋلۇس بۇ جۈملىنى يازغاندىن تارتىپ ئۇ دەۋر-دەۋرلەردە كۆپ شەرھچىلەرنىڭ باشلىرىنى قاتۇرۇپ كەلگەن؛ بۇ ئايەت توغرۇلۇق ئىككى يۈزدىن ئارتۇق چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن. بىز پەقەت تۆۋەندىكىدەك ئاددىي ئويلاشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز: —

(ئا) خۇدانىڭ سۆز-كالامىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە، تىرىكلەر ئۆلگەنلەرنىڭ نىجاتى، ياردىمى ياكى مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلالايدۇ، دەپ ئېيتىلمايدۇ. ئۆلگەنلەر تىرىكلەر ئۈچۈنمۇ ھېچ ئىش قىلالمايدۇ (مەسىلەن، «2سام.» 15:12-23، «لۇقا» 19:16-31نى كۆرۈڭ). مۇقەددەس سۆز-كالامنىڭ ئومۇمىي تەلىمى دەل بۇنىڭ ئەكسىدۇر. گەرچە كۆپ ئەل-مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەتلىرى بولغىنى بىلەن، دۇئا-تىلاۋەتلەر ئۆلگەنلەرگە ھېچقانداق تەسىر ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

(ئە) پاۋلۇس بەزى كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆلگەن باشقا بەزىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن «چۆمۈلدۈرۈلدى»، دېگەنگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىش ئۇلار ئارىسىدا ئېتىقاد قىلىپ ئەمما مەلۇم سەۋەبتىن ئۆلگۈچە سۇغا چۆمۈلدۈرۈلمىگەنلەر ئۈچۈن قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بار. مەسىلەن، رەب ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلانغىنىدا يېنىدا مىخلانغان ئوغرى توۋا قىلىپ ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولغاچقا، ئەيسا ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھايات ۋەدە قىلدى، بىراق ئۇ ھېچ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەن ئەمەس ئىدى — بۇنىڭغا پۇرسەت بولمىغان، ئەلۋەتتە. «لۇقا» 29:23-43نى كۆرۈڭ.

(ب) پاۋلۇس بۇ ئىشنى تىلغا ئالغاندا ئۇنىڭ توغرۇلۇق كورىنتلىقلارغا ياكى مۇشۇ «ئۆلگەنلەر ئۈچۈن چۆمۈلدۈرگۈچىلەر»گە ھېچقانداق تەنبىھ بەرمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشنى توغرا دەپ تەستىقلايدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلىمايدۇ. ئۇ بۇ ئىش توغرىسىدا كورىنتلىقلارغا تۇرغۇزۇلغان ئېنىق تەلىمنى بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ توغرۇلۇق سۆزلىرىنى قايتىلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ پەقەت بەلكىم، كورىنتلىقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىش دېگەن ئىشنى ھەقىقەت دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى كۆرسەتمەكچى، خالاس.

15:45-47 «شۇڭا تەۋراتتا مۇنداق پۈتۈلگەنكى: «تۇنجى ئىنسان ئادەمئاتىمىز تىرىك بىر جان قىلىپ يارىتىلدى»؛ ئەمما «ئاخىرقى ئادەم ئاتا» بولسا ھاياتلىق بەرگۈچى روھ بولدى. ئەمما ئاۋۋال كەلگىنى روھىي ئادەم ئەمەس، بەلكى «تەبىئەتكە تەۋە بولغۇچى» ئادەم ئىدى، كېيىن «روھىي ئادەم» كەلدى. دەسلەپكى ئىنسان بولسا يەردىن، تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلىنغان؛ ئىككىنچى ئىنسان بولسا ئاسماندىن كەلگەندۇر»

بىز مۇشۇ يەردە «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزنى ئازراق قايتىلايمىز: —

«خۇدانىڭ ئىنسانغا بولغان مەقستى ئىنساننى «روھىي» ياكى «روھانىي» ئادەم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. «روھىي» دېگىنىمىز ئىنساننىڭ بارلىق ئىشلىرى «روھ»تىن كەلسۇن دېگەنلىكتۇر؛ دېمەك، ئىنساننىڭ روھى خۇدانىڭ روھى بىلەن ئالاقىدە بولغاندا، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنىپ بىلىپ، ئۇنىڭ جېنى ئارقىلىق تېنىنى باشقۇرغان ھالدا ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر».

بۇ ئايەتلەرگە، بولۇپمۇ 47-ئايەتكە قارىغاندا، خۇدانىڭ نەزىرىدە يەر يۈزىدە پەقەت ئىككى «ھەقىقىي ئادەم» بولۇپ باققان، دەپ بايقايمىز. بۇ ئىككى ئادەم بولسا ئادەمئاتىمىز ۋە ئەيسا مەسىھدۇر. «ھەقىقىي ئادەم» دېگەن خۇدانىڭ تولۇق سۈرىتى (ئوبرازى، ئىپادىسى)دە بولغان، دېگەنلىكتۇر. ئادەمئاتىمىز گۇناھ سادىر قىلغىنىدا «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازىدا بولۇش»تىن مەھرۇم بولدى — ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭدا ۋە ئوخشاشلا بارلىق ئەۋلادلىرىدىمۇ «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى» ئىنتايىن كۆرۈمسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

خۇدانىڭ «ئىنسان مېنىڭ سۈرەت-ئوبرازىمدا بولسۇن» دېگەن مەڭگۈلۈك مەقسەت-مۇددىئاسى مەسىھدە، شۇنداقلا ئۇنىڭدا «قايتا تۇغۇلغان»لاردىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئادەمئاتىمىز پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئۆزىدە «روھىي ھايات»قا ئىگە بولغان بولسىمۇ، مەسىھ باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا ئىگىدۇر؛ ئۇنىڭ ئۆلۈشى، كۆمۈلۈشى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىشىدىن كېيىن ئۇ «ھاياتلىق بەرگۈچى روھ بولدى».

سىز ئۇنىڭدىن ھاياتقا ئېرىشتىڭىزمۇ؟

3:16-4 «مەن كەلگىنىمدە، سىلەر قايسى ئادەملەرنى لايىق كۆرۈپ تاللىساڭلار، مەن شۇلارغا تونۇشتۇرۇش خەتلىرىنى يېزىپ بېرىپ مۇشۇ ئىئانە-شەپقىتىڭلارنى يېرۇسالېمغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىمەن. مېنىڭمۇ بېرىشىم مۇۋاپىق كۆرۈلسە، ئۇلار ماڭا ھەمراھ بولۇپ بارىدۇ».

بىز باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، روسۇل پاۋلۇس ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈن پۇل سوراپ باقمىغان. ئەمما ئۇ ھاجەتكە چۈشكەن باشقىلار ئۈچۈن پۇل سورىغان ۋە ئىئانە توپلىغان. ئۇ مۇشۇ يەردە «يېرۇسالېمدىكى كەمبەغەل مۇقەددەس بەندىلەر» ئۈچۈن ئىئانە قىلايلى دەۋاتىدۇ. يېرۇسالېم ئەسلى روناق تاپقان شەھەر، ئۇنىڭدا تۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئادەتتە «ئىلكىدە بار» ئىدى، شۇ يەردىكى «مۇقەددەس بەندىلەر» قانداقمۇ «كەمبەغەل» بولۇپ قالغان؟

ئوقۇرمەنلەر بەلكىم رەب ئەيسا ئۆز مۇقەددەس روھىنى يېرۇسالېمدا دەل مۇشۇ ئىشقا ئىشەنچ بىلەن كۈتۈۋاتقانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشۈرگەنلىكى بىلەن ئۇنىڭ جامائىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن، دەپ ئەسلىشى مۇمكىن («روس.» 1-2-باب). بۇنىڭدىن كېيىن مال-مۈلۈكلۈك ياكى زېمىندار بولغان كۆپ قېرىنداشلارنىڭ ئىگىلىكلىرىنى سېتىۋېتىپ پۇللارنى كەمبەغەللەرنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى بىلەن ھەممە نەرسىلىرى ئورتاق بولغان ھالدا ياشىدى؛ «ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى سېتىپ، پۇلنى ھەممىسىگە، ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىشاتتى» («روس.» 2:44-45). شۈبھىسىزكى، كېيىنرەك بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى خۇش خەۋەرنى تارقىتىشقا يېرۇسالېمدىن يىراققا چىقماقچى بولغان قېرىنداشلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنىدى. ئەمما بۇ زور سەدىقە بېرىشلەر كۆپ قېرىنداشلارنىڭ ئۆزلىرىنى تىجارەتلىرىدىن ياكى ئېتىزلىرىدىن ئايرىلىپ ھاجەتمەن قىلىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زور سېخىيلىقتىن قۇۋۋەتلەنگەن «خۇش خەۋەر جاكارلاش ھەرىكىتى»دىن بەخت-بەرىكەت كۆرگەنلەر (يەنى ئەللەر ئارىسىدا بولغان ئېتىقادچىلار، جۈملىدىن كورىنتتىكى جامائەت) يېرۇسالېمدا قالغان ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىغا جىسمانىي تەرەپتە بولغان قەرزىنى تونۇپ يېتىشى قىلىشقا لايىق ۋە تېگىشلىك ئىش ئىدى.

كېيىن، رىم ئىمپېراتورى پەلەستىنگە قاراتقان مۇنداق بىر يارلىقنى چۈشۈرگەنىكى، مەسىھنىڭ نامىدا خۇداغا ئىبادەتكە يىغىلىشنى (ئۇنداق قىلىش ئىمپېراتورغا چوقۇنماسلىق

بىلەن باراۋەر دەپ قارىلىپ) «قانۇنسىز» دەپ بېكىتىپ، ھەرقانداق ئادەم شۇنداق سورۇندا تۇتۇلۇپ قالسا مال-بىساتلىرى مۇسادىرە قىلىنسۇن، دەپ بۇيرۇلغان. بۇنداق ئىش يەھۇدىي ئېتىقادچىلارنىڭ بېشىغا كۆپ قېتىملاپ كەلگەن («ئىبر.» 10:32-34). شۇنداق بولغاندا كۆپ جامائەتلەردىن ئەۋەتىلگەن بۇ سوۋغات شۇ كۈنلەردە تېخىمۇ مۇھىم بولاتتى. لېكىن پاۋلۇس ۋە ئۇنىڭ باشقا شۇنداق ئىئانە توپلىغۇچى ھەمكارلىرى ئۇنداق ئەھۋالنىڭ كەلگۈسىدە چىقىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرسىز بولغان، ئەلۋەتتە. بىلگۈچى بولسا ھەممە ئىش ئۈستىدىن باشقۇرغۇچى خۇدادۇر.